شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2006

5



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

源泉(布拉克)





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

27-يىل نەشرى

ئومۇمىي 110-سان



مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ
سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ خەلقىم بېخىللىق قىلغان
تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر

—— «ئەدەب ئاچقۇچى» دىن

ھۆسن خەتنى ئابلىكىمجان زۇنۇن جالالى يازغان

# بۇلاق

2006- يىللىق 5- سان



باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

### مەخسۇس ماقالە

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنە-
ۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرايلى.......................... ئىسمائىل تىلىۋالدى (5)

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي........................................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (16)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
تۇرپان ۋەسىقىلىرى ( I )................................................ (42)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى

«كۆيبالىق» (خانئۆي) ۋە «ئەسكى ھىسار» (قەدىمكى قەشقەر) شەھىرىنىڭ تارىخىي پەر-
دىسىنى ئېچىش ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە .............. ئابدۇرېھىم ھاشىم (49)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

خەمسە تەلقىنلىرى ........................ توختاۋسىن جالالوۋ (72)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت ياقۇپى
نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تۈركمەن كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە
........................ مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللاھ (88)
تۈركىي تىللىق «خەمسە» توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات. ....................
..........................مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر (95)

## فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئادەتلىرىدىن «خامان» مەدەنىيىتىگە بىر نەزەر ............
.......................... ياسىنجان كەنجى (103)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

«بۇلاق»نىڭ چوققىسى خانتەڭرىگە يەتكەي ..............................
..........................ساۋۇت موللا ئاۋۇتوۇف، ئوسمانجان ياقۇپ (111)

※ ※

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

※ ※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئىشتىياق (بىلال نازىمى ئەسەرلىرىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: گۈزەل ئالىم فوتوسۈرەتلىرىدىن
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: كېرىيە قىزى (رەسسام: مەتتىمىن توختاش)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)

# غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرايلى

ئىسمائىل تىلىۋالدى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)

(2006 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)

مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىنى چىڭ ئىگىلەپ، دەۋر مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈردى. ئىدىيىۋىلىككە، بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان زور بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «بەشتە بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»، «ۋېنخۇا مۇكاپاتى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ - چوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى تەسىر قوزغىدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىغا سادىق، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئاڭلىق تۈردە ئامما بىلەن يېقىنلىشىدىغان ۋە ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى گۈللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت

مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش خىزمىتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەش بولدى، بولۇپمۇ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شەرىپى بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شەرىپى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شەرىپى. ئۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇقام جۇڭگونىڭ قەدىمكى غەربىي دىيارىدا تەسىر پەيدا قىلغان خەلق سەنئىتى بولۇپ، قەدىمىي ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق بېيىتىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مۇقام پېشىۋاسى ئامانىساخان يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، جايلارغا تارقالغان 12 يۈرۈش مۇزىكىنى توپلاپ رەتلەپ، مۇقام سەنئىتى تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. 12 مۇقام ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدىكى ئېسىل گۈل، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، دۇنيا مەدەنىيىتى تەرەققىياتى تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان سەنئەت قامۇسىدۇر. ئۇ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، نەپىس مۇزىكا قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىچە سەنئەت شەكلى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك، مۇھەببەت، غايە، ئىنتىلىش ۋە خۇشاللىق - خاپىلىقلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، ئۇ ئەمگەكچان ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىنسانىيەت «مۇقام چوڭ ئائىلىسى»دە ئۇيغۇر مۇقامى كىشىلەر تەرىپىدىن «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھىرى»، «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت»، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىر چوڭ مۆجىزە» دەپ تەرىپلىنىپ كەلدى، ئۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتى بىلەن باشقا قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن جەۋھەر بولۇپ، مۇھىم ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئەۋلاد مۇقامچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ جاپالىق ئەجرى سىڭگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر مۇقامى يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، ئۇيغۇر مۇقامىنى بىرقەدەر مۇكەممەل ئېيتالايدىغان ۋە چالالايدىغان پېشقەدەم سەنئەتكارلار ئىنتايىن ئاز قالغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇ-

روپ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بەردى، ئاپتونوم رايونىمىز 50 - يىللارنىڭ بېشىدىلا «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش
ۋە قوغداش خىزمىتىنى باشلىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا يولداش ۋاڭ جېن بىلەن سەيپى-
دىن ئەزىزى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قۇتقۇزۇش - قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى پار-
تىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلغاندا، جۇ ئېنلەي زوڭلى مەدەنىيەت مىنىس-
تىرلىكىنىڭ شىنجاڭغا مۇتەخەسسىس ئەۋەتىشى توغرىسىدا بىۋاستە يوليورۇق بەر-
گەن، يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىۋاستە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ۋەن توڭشۇ،
ليۇ جى ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكانتلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت
خادىملىرى بىلەن بىرگە، مۇقام ئۇستازى توردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق داڭلىق خەلق
سەنئەتكارلىرى ئورۇندىغان ناخشىنى ئۈنگە ئېلىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان
ئۇيغۇر مۇقامىنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، «12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج
ئالدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن
كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مۇقامنى قوغداش ۋە ئۇ-
نىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدا
ئىشلىگەن ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلەر، جۈملىدىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆمۈر داۋامەت ۋە مەملىكەتلىك
سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر
ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەش، قوغداش ۋە نەشر قىلىش خىزمى-
تىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇ خىزمەتنى بىۋاستە تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇردى.
پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجى-
لىك رەھبەرلەر، ئالاقىدار تارماقلار ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىكى مۇ-
تەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسى-
تىشى ئارقىسىدا، 1989 - يىلى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» دېگەن بىر يۈرۈش كىتاب دۆلەت
ۋە ئىچى - سىرتىدا تۆت خىل يېزىقتا تارقىتىلدى؛ 2002 - يىلى ئۇيغۇر 12 مۇقامى-
نىڭ CD، VCD پلاستىنكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىنىپ، مۇقام مىڭلىغان - ئون-
مىڭلىغان ئائىلىلەرگە كىردى؛ 2005 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە
ئەرەبچە تۆت خىل تىلدىكى جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ DVD پلاستىنكىسى رەس-
مىي نەشر قىلىندى. 2005 - يىلى 11 - ئايدا، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى» بىر-
لەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن
3 - تۈركۈمدە «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ
ۋەكىللىك ئەسىرى» مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلدى، بۇ ئۇيغۇر مۇقام تەرەققىياتىدىكى
ئۇلۇغ نەتىجىدۇر. «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش جەريانىدا،
ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپ-

تونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە زور مەدىتى بىلەن، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ۋە جاپادىن قورقمايدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سۈپەتلىك ئىلتىماس نۇسخىسىنى يېزىپ چىقتى ۋە ماتېرىيال فىلىمىنى تەييارلىدى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر مەلۇم قىلغان 14 تۈر ئىچىدە ئالا-ھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ، خەلقئارا باھالاش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىشىدەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان ۋەزىپە ئۆتىگەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مۇقامغا ئۆزىنى بېغىشلىغان زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ ھەم قان-تەر تۆكۈپ، قاتتىق تىرىشچانلىقىنىڭ مول مېۋىسى. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ سەنئەت تا-رىخىدا يارىتىلغان شانلىق سەھىپە.

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇ-شى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، سەن-ئەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقى، بىرلىكتە گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتى-يىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. بۇ ئاجايىپ مۆجىزە شۇنى ئىسپاتلى-دىكى، ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغان بىر خىل قەدىمكى سەنئەتنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، دۇنيا مىقياسىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ۋە بەدىئىي جەزبىدارلىققا ئىگە بولۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئە-مەلگە ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. مۇقامنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش تارىخى — پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان تارىخ، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت - سەنئىتى ئۈزلۈكسىز گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان تارىخ.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى-نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، ئېستېتىك ھەۋىسى ۋە ئىدىيە-سىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋ-ھىرى ۋە ئالىيجاناپ غايىسى مۇجەسسەملەنگەن. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ناماياندىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى روھىنىڭ سىمۋولى ۋە ۋاسىتىسى. ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيىتىگە ۋە مول مەدە-نىيەت بايلىقىغا ئىگە چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونى بولغانلىقتىن، بىز سوت-

سىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

**1. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە بۇرچ ئېڭىنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم**

بۈگۈنكى دۇنيادا مەدەنىيەت ئىقتىساد ۋە سىياسىي بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئونۋېرسال دۆلەت كۈچىدىكى ئورنى ۋە رولى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىجادچانلىقى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئايلاندى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مىلودىيىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ھەر مىللەت ئامما ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتىنى، گۈزەل يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي ئېغىشماي قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مەدەنىيەتنىڭ مىللەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز زۆرۈر.

مەدەنىيەت مىراسلىرى — مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ رەڭگارەڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي دەلىلى، مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتى يۇغۇرۇلغان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى، ھەتتا دۇنيادىكى ئىنتايىن قىممەتلىك مۇھىم مەدەنىيەت مىراسىدۇر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى قوللاش سالمى-

قىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇردى ھەمدە «يىپەك يولى» (شىنجاڭ بۆلىكى) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى رەسمىي باشلىدى، بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ئەلئارا مەدەنىيەت مىراسى تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغدىلىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ رېئال تەلىپى. بىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، چوقۇم مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى تىرىشىپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارغا قارىتىشىمىز لازىم.

**2. مەدەنىيەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم**

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئاجايىپ زېمىندا ئىناق ئۆتۈپ، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىگىلىك يارىتىپ، رەڭگارەڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى ئورتاق بارلىققا كەلتۈردى. كۆپلىگەن مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇقام»ى ۋە «مەشرەپ»ى، قازاقلارنىڭ «ئاقىنلار ئېيتىشىشى»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»ى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى، خۇيزۇلارنىڭ «گۈل» كۈيى قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن جانلانماقتا ھەمدە مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى

بولۇپ قالدى. قايناق رېئال تۇرمۇشتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللەنگەن، باياشاد، مەدەنىي سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بىزگە ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن ھازىرلاپ بەردى ۋە قىممەتلىك ئوزۇقلۇق بولدى. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ. مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

**بىرىنچىدىن، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.**

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»نى باشتىن - ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا بولغان ئىجابىي تەربىيە فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مول ۋە رەڭگارەڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت شەكلى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭى دەۋردە ھەمنەپەس، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغداشتەك روھى قىياپىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەر «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش» سىگنالىنى ياڭرىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇشىمىز لازىم.

**ئىككىنچىدىن، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز لازىم.**

ئىلىم جەھەتتە دېموكراتىك بولۇش، ھەر تەرەپنىڭ پىكرىنى تەڭ قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن، «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى 1 - ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق ئېچىش» پرىنسىپى بويىچە، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت ھازىرقىلار ئەجىر سىڭدۇرۇپ كېيىنكىلەرگە بەخت يارىتىدىغان بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. نادىر مەدەنىيەت ئەسەرلىرى ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىش، بىرلەشتۈرۈش ۋە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەددىئىيلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن، مىللىي ئالاھىدىلىككە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە-

كىللىك ئەسەرلەر ۋە مىراس ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بەدىئىي جەزبىدارلىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىش ئاساسىدىكى خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.**

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت بولۇپ، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئىيەت قاتنىشىش، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش؛ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش، باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش، نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى قەرەللىك مۇھاكىمە قىلىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى داۋامىدىكى ئالاقىدار چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى لازىم. مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئوبدان ماسلىشىپ، پاسسىپ قوغداشتىن ئاكتىپ قوغداشقا، يەككە قوغداشتىن ئومۇمىيۈزلۈك قوغداشقا ئۆتۈشكە تىرىشىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق قاتنىشىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم.

**تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى دەۋر قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەلئارا مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.**

يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى مۇھىم خىزمەت. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەركەزنىڭ «يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»ىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىتاب كۆرۈشى، كۆڭۈل ئېچىشى، كىنو كۆرۈشى، رادىئو ئاڭلىشى ۋە تېلېۋىزور كۆرۈشى قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپى، يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلاشقان يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، يېزا مەدەنىيەت بازىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھ-

كەملەپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە يېزىلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئىچىدىكى مەدەنىيەت تايانچلىرىنى پائال تەربىيىلەپ، ئەلنەغمىچىلەر، مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى تالانتلىقلارنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەلئارا مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭى يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**بەشىنچىدىن، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، مەددنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشىمىز لازىم.**

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش — پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. جايلار، مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەمۇرىي تارمىقى، مۇزېي، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى» قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا دائىر سىستېمىلىق پائالىيەتلەرنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، ئالاقە تورى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئامما ياقتۇرىدىغان كۆپ خىل تەشۋىق - تەربىيە شەكلىنى قوللىنىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدايدىغان، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىشى لازىم.

**3. نەتىجىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم**

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش تارىخىدىكى بىر ناما-

يەندە. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە مەدەنىيەت خادىملىرى غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بۇنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى، بولۇپمۇ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى ئىلتىماسنامىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «10 يىللىق قۇتقۇزۇش - قوغداش پىلانى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يەنىمۇ بېيىتىش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

بىرىنچىدىن، «ئەينەن ۋارىسلىق قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

«ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ خەلق ئارىسىغا تارقىتىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، بىر تۈركۈم «مۇقام يۇرتى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقامى ئەلنەغمىچىلىرى»گە نام بېرىشىمىز، «ئۇيغۇر مۇقامى» بىرقەدەر مەركەزلەشكەن تىپىك جايلاردا «ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش - ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى» قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقام سەنئىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىمىز ۋە قېزىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، «كەسپىي ۋارىسلىق قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

شارائىتى يار بېرىدىغان كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، زامانىۋى سەنئەت ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىدە ئورۇنداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە پائال ئىلھام بېرىشىمىز؛ دەۋر روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە كونىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئۆزلۈكسىز نۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، «مائارىپ ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

مۇقام تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ھازىرقى ئاساستا داۋاملىق چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىدا «ئۇيغۇر مۇقام سىنىپى» ئېچىپ، «ئۇيغۇر مۇقامى»نى تەتقىقات يۆنىلىشى قىلغان ستۇدېنت، ماگىستىر ئاسپىرانتى ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىلىم پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئۇيغۇر مۇقامى»نى قوغدايدىغان، ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان يۇقىرى ساپالىق، خىل،

ئۆتكۈر كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

**تۆتىنچىدىن، ماسلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.**

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قوغداش خىزمىتى زور سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۇيغۇر مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى زور قۇرۇلۇش قىلىپ، تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە ئاخبارات - نەشرىيات تارماقلىرى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كونكرېت يولغا قويۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**بەشىنچىدىن، تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.**

ئۇيغۇر مۇقامىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقىنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت سېھرى كۈچىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم. مۇقام بايرىمى ئۆتكۈزۈش، خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، مۇقامنى سەھنە ۋە ئېكرانلاردا جەۋلان قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش — يېڭى دەۋردە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ھەممىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا يەنە پارلاق نەتىجە يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈش ۋە ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.



# تارىخى رەشىدى①

مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بابىر پادىشاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ ئەھۋالى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرىنىڭ بايانى

ھۇمايۇن پادىشاھ بابىر پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ ئىقتىدارلىقى ئىدى. يۇقىرى تەبىئەت (تالانت) ۋە ئالىي دەرىجىدىكى تۇغما ئىقتىدار جەھەتتە ئۇنداق كىشىنى كەم ئۇچراتقانمەن. لېكىن، ئەتراپىدىكى نەپسى يامان ئەربابلارنىڭ ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ يامان قىلىقلىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن، بەزى ناچار سۈپەتلەرنىمۇ يۇقتۇرۇۋالغانىدى. جۈملىدىن مەۋلانا مۇھەممەد پەرغەرى ۋە باشقا بىرنەچچە ھەمسۆھبەتلىرى خالايىق ئارىسىدا تاپا – تەنە ۋە غەيۋەت – شىكايەتكە سەۋەب بولىدىغان ئەپيۇن ۋە باشقا نامۇناسىپ ئىشلارنىڭ پادىشاھتا سادىر بولۇشىغا زامىن بولغانىدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي ھەر خىل پەزىلەت ۋە كامالەتلەر جەملەنگەن ۋە مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى، شىجائىتى، مۇستەھكەم ئىرادىسى گوياكى تاغ كەبى ئىدى. بەزمىلەردىكى يېقىملىق خۇي – پەيلى ۋە ساخاۋەتلىك قوللىرى خۇددى دەريادەك ئىدى، شائىر ئەنۋەرى بۇ شېئىرنى ئېھتىمال شۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ ئىجاد قىلغانمىدىكىن، نەزم:

*دىل ئەگەر بەھرۇ دەست كان ئېرمىش،*
*دىلۇ دەستى خۇدايگان ئېرمىش.*

دېمەك، ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك، ئۇستۇن ھىممەتلىك ۋە ھەيۋەت – ھەشەمەتلىك

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا.

پادشاھ ئىدى. پېقىر ئەگەرەدە ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە يەتكەنىدىم. بۇ پات يېقىندا زىدكىر قىلىنغۇسى. بۇ ۋاقىتلاردا خالايىق: «ھازىر ھۇمايۇن پادشاھنىڭ ئىلگىرىكى بۇيۇكلۇكى ۋە شان ـ شەۋكەتلىرىدىن مىڭدىن بىرىمۇ قالمىدى» دېيىشمەۋاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي گانگ دەرياسى بويىدا پۇتكۈل ئىشلارغا پېقىر مەسئۇل بولغانىدىم، ئۇنىڭدىن ھۇنەر ئۆگەنگۈچى شاگىرتلارنىڭ ئون يەتتە مىڭ كىشى ئىدەكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققانىدىم. ئۇنىڭ باشقا پەزىلەت ۋە خىسلەتلىرىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ قىسقىچە زىكرى شۇكى، كامران مىرزا بىرىنچى قېتىم قەندەھارغا يۈرۈش قىلغانىدا، [ھۇمايۇن] پادشاھ گۇجەراتقا يۈرۈش قىلدى ۋە گۇجەراتنى ئۆزىگە قاراتتى. لېكىن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز ئەمىرلەرنىڭ نالايىق ئىشلىرى تۈپەيلىدىن، يەنە گۇجەراتنى تاشلاپ، قايتىپ كەلدى. بۇ ئىش پادشاھلىق شان ـ شەۋكىتىنىڭ ھۆسنىگە بىر قارا داغ ۋە بەخت ـ تەلەيىنىڭ يانغانلىقىغا بىر نىشان بولدى ـ دە، پادشاھنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەملىك سالاپىتى خالايىقنىڭ كۆڭلىدە ئاجىزلاشقا باشلىدى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ يەنە ئاز پۇرسەتتىن كېيىن، [ھۇمايۇن] پادشاھ يەنە گۇجەراتتىن يەتكەن شىكەستىلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، بەنگالەگە يۈرۈش قىلدى. بەنگالەنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزدى ۋە بىرنەچچە مۇددەت ئۇ يەردە ھايال بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ھىندال مىرزا [ھۇمايۇن] پادشاھنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىدى، ئەگرەدە تۇراتتى. شىرخاننىڭ باركۇن چېگرىسىدىكى رۇھتاستىن ئەگرەگە يۈرۈش قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ھىندال مىرزا [ھۇمايۇن] پادشاھنىڭ پىرى شەيخ پۇلنى ئۆلتۈرۈپ، خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتتى، سەلتەنەت ناغرىسىنى قارىمۇ قارشىلىق كەسمەلىرى بىلەن ئاشكارا چېلىشقا باشلىدى. «قەيەرگە قارىمۇ قارشىلىق كەلسە، شۇ يەردىن بەخت ـ دۆلەت كېتىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر ماقال بار.

بۇ خەۋەر بەنگالەدە تۇرىۋاتقان ھۇمايۇن پادشاھقا ئىشتىلدى. [ھۇمايۇن] پادشاھ بەنگالەنى ئىبراھىم بەگچەك موغۇلنىڭ ئوغلى جەھانگىر قۇلىغا تاپشۇردى، جەھانگىر قۇلىنى بەشمىڭ ئەسكەر بىلەن بەنگالەدە قويۇپ، ئۆزى ئەگرەگە قاراپ يۈزلەندى.

ھىندال مىرزا خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ھۇمايۇن پادشاھنىڭ ھىندىستان ئەتراپىدىكى ئەمىرلىرىدىن ھېچقايسىسى ھىندال مىرزىغا بويسۇنمىدى. ھىندال مىرزىمۇ ئۆزىنىڭ تەدبىرسىزلىكى ۋە تەلىيىنىڭ كاجلىقى تۈپەيلىدىن، شىرخانغا قارشى تۇرۇشنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدى بىلەن ھۇمايۇن پادشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئىگىلەش پىكرىگە چۈشتى. «دوستلارنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزگىن، دۈشمەن ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلغاي» دېگەن ماقالدا ئېيتىلغىنىدەك، ھىندال مىرزا دېھلى شەھرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. دېھلى پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ پايتەختى ئىدى. دېھ-

لىنىڭ ھاكىملىرى [ھۇمايۇن] پادشاھنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىدىن ئىدى. ئۇلار ھىندال مىرزىغا دېھلىنى بەرمىدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئۇرۇشتى. دېھلى خەلقى دۈشمەنگە قۇلايسىز، دوستلارغا پايدىلىق ھالەتتە تۇردى. شۇڭا، ھىندال مىرزا جەڭگە مەشغۇل بولىۋەردى.

شۇ ئەسنادا ھۇمايۇن پادشاھ بەنگالەدىن يۈرۈپ، چەۋسە بىلەن پايەككە يېتىپ كەلدى. شىرخان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پادشاھنىڭ يولىنى توستى. ئەمما، پادشاھ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرى بەنگالەدە پۈتۈنلەي نابۇت بولغانىدى، لەشكەرلىرىمۇ ھارغىن ۋە ماغدۇرسىز ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستاننىڭ يامغۇرى ياغقىلى تۇردى. شۇڭا، ئۇ شىرخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالدى. ھۇمايۇن پادشاھنىڭ يېنىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئادەم كېلىپ:«ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ توپىلاڭچىسى شىرخاندۇر. ئۇ بىز بىلەن تۇتۇشقىلى كەلدى، قېرىنداشلىرىم، تېز يېتىپ كېلىڭلار، شىرخاننى تارمار قىلايلى!» دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپلارنى يەتكۈزۈۋاتاتتى. ئەمما، قېرىنداشلىرى دۈشمەنلىككە مەشغۇل ئىدى، شۇڭا دۈشمەن خاتىرجەم ئىدى. بۇ خەۋەرلەر كامران مىرزىغا يەتتى، ئۇ دەرھال لەشكەرنى ئېلىپ دېھلىغا يۈزلىنىپ، ھىندال مىرزا ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ھىندال مىرزا كامران مىرزىغا تاقابىل تۇرالماي، قېچىپ كەتتى. ھۇمايۇن پادشاھنىڭ ئەمىرلىرى كامران مىرزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. كامران مىرزىنىڭ كەلگەنلىكى خالايىققا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى. كۆپلىگەن تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك كىشىلەر كامران مىرزىنى چەۋسەگە لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ھۇمايۇن پادشاھقا ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئەمما، كالتە پەم ۋە ئەقىلسىز كىشىلەر ئۇنىڭ ئەكسىنى تەرغىپ قىلىشىپ:«چەۋسەگە بېرىش ــ پادشاھنى قۇتقۇزۇپ، دۈشمەننى يوقىتىش بىلەن بىللە يەنە بىزنىڭ تۇتقۇن بولۇشىمىزغا سەۋەب بولغۇسى» دېيىشتى. كامران مىرزىمۇ گۆدەكلىكى، تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن، مۇنۇ سۆزدە ئېيتىلغىنىدەك، مىسرا:

*كېرەك پىرلار بولسە لەشكەرگە باش.*

ئاشۇ ئەقلى چولتا كىشىلەرنىڭ نالايىق تەدبىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە چەۋسەگە لەشكەر تارتىشنى ئارقىغا سۈردى. تەدبىرلىك كىشىلەر:«ئەگەر چەۋسەگە لەشكەر تارتىشنى ئارقىغا سۈرىدىغان بولساق، لەشكىرىي ئەسلىھەلەرنى زايا قىلماي، ئۆز ئورنىمىزغا يانايلى. ھەركىم ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، جەڭ ئەسۋابلىرىنى تولۇق تەييارلىسۇن، ئەگەر شىرخان [ھۇمايۇن پادشاھنىڭ] لەشكىرىنى يەڭسە، بىز ئارىغا چۈشۈپ جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرايلى. پادشاھ ئەگەر شىرخان ئۈستىدىن غالىپ كەلسە، ئۇ چاغدا مەقسىتىمىزگە يەتكىنىمىز شۇ» دېيىشتى. [ئۇ رەزىل كىشىلەر بۇنىڭغىمۇ كۆنمىدى، قوشۇلمىدى. ئۇلار:«ئەگەر ھۇمايۇن پادشاھ شىرخاننى يوقاتسا،

دەرھال بىزدىن ئۈچ ئالدۇ» دېيىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن، «قۇرئان»دىكى: «مۇناپىقلار كۇپرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارسالدى بولۇپ تۇرىدۇ. يا ئۇلارغا، يا بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس» [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ھالدا ] ئەگرەگە يۈرۈپ كەتتى. ئەگرەدە بىر ئايدىن ئارتۇقراق تۇرغاندى، ئۇ يەرگە ھۆل - يېغىن پەسلىدە [ھۇمايۇن پادىشاھ ] يېڭىلگەن ۋە پاراكەندە بولغان ھالەتتە يېتىپ كەلدى. ھەممە قېرىنداشلار بىر يەرگە يىغىلدى. بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق ئالتە سەپەر ئېيىدا [2] بولغانىدى.

## [گانگى دەرياسى ساھىلىدىكى جەڭنىڭ بايانى ]

ھەممە قېرىنداشلار بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ ھادىسىلەر خۇسۇسىدا كېڭەش قىلىشقا ۋە لايىھەلەرنى تۈزۈشكە كىرىشتى. تولا گەپ - سۆزلەر ۋە ئەھۋاللار بولدى. بۇلارنى شەرھىلەشنىڭ مەقسىتىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق، بەلكى يېزىپ شەرھىلەشكە لاياقىتى توشقۇدەك بىرەر مەسلىھەت سۆزىمۇ ئارىغا چۈشمىدى. خۇددى بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك، تەلەي كاج كەلسە، ئەقىل خىرە بولىدىكەن. كامران مىرزا قايتىپ كېتىشنىڭ ئارزۇسىدا ھەددىدىن ئارتۇق تەقەززا بولدى. كامران مىرزا قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدىن باشقا ھەرقانداق پەرماننى جاكارلىغان بولسىمۇ، ھۇمايۇن پادىشاھ ئۇنى تولۇق قوبۇل قىلغان بولاتتى، لېكىن بۇ ئارزۇسىغا كۆنمىدى. كامران مىرزا قايتىپ كېتىش پىكرىدە ئالتە ئايغىچە قەتئىي چىڭ تۇرىۋالدى. ئاخىر ۋاقىت قىستاپ قالدى. شىرخان جەڭ قىلىش ئۈچۈن گانگى دەرياسى بويىغا كېلىپ قالدى. [نەزم:

*مەرگ ئامەدەۋۇ نىشەستە دەرپىش،*
*تۇ دەر پەي ئىنۇ ئان فەتادە،*
*دەر غەفلەتۇ قىللەتى تەجارىب،*
*مىسى تۇ كەسى نەدىد سادە.*
*ئىن جۇملە ئەزايىمۇ زى دىلرا،*
*ئەزلادگىھا زى دەستى دادە.*

تەرجىمىسى:

*ئەجەل كېلىپ ئولتۇرماقتا ئالدىڭدا،*

---

① «قۇرئان كەرىم» 4 - سۈرە نىسا، 143 - ئايەتنىڭ باش قىسمى.

② ھىجرىيە 946 - يىلى سەپەر ئېيى مىلادىيىنىڭ 1539 - يىلى 7 - ئايغا توغرا كېلىدۇ. تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە بۇ ۋاقىت «ھىندىستان تارىخى»دىن نەقىل ئېلىنىپ، «7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى»دەپ ئىزاھلانغان.

*سەن يەنىلا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ پېيىدا.*
*غەپلەت باسقان، تەجرىبىسىز ساددىدىن،*
*سەندەك يەنە بىرى يوقتۇر جاھاندا.*
*ساددىلىقتىن، ئەقىلسىزلىك دەستىدىن،*
*ھەممىسىدىن ئايرىلدىڭ سەن ئارماندا. ]*

ئەنە شۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىپ، قايتىپ كېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرىۋاتقاندا، كامران مىرزا نەچچە خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. ھىندىستاننىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمىدى. ئۇنىڭدا ئىشتىھايى كازىب (يالغان ئىشتىھا) پەيدا بولۇپ، ئاشقازىنى بۇزۇلدى، ئاندىن تاماق مۇۋاپىق كەلمەي بوۋاسىر بولۇپ، مەقەتكە ياللۇغ، ئىششىق ۋە ئۆسمە پەيدا بولدى، مەقەت ئەتراپى تىلىم ـ تىلىم يارا بولدى. مەقەت ئىششىقى كۆچەيگەنلىكتىن چوڭ تەرەت يولىمۇ توسۇلدى. بۇ كېسەلنىڭ مۇددىتى ئۈچ ئايغا سوزۇلۇپ، قىزىتما، مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلدى. شۇ سەۋەبتىن يېمەك ـ ئىچمەكتە سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك تائاملار كۆپ بېرىلدى. بۇ تۇيەيلىدىن ئىستەرخا (پارالىچ) كېسىلىمۇ يېپىشتى، ئىككى قولى ۋە پۇتى ھەرىكەتتىن قالدى. [شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بېيت:

*لاغەر شۇدەم چۇنانكى، چۇ چەڭگى ئەز دەرۇن پوست،*
*بەرتەن رەگىكى ھەست مەرا مىتەۋان شۇمۇرد.*

تەرجىمىسى:

*شۇنچە ياداپ كەتتىمكى، قېپىدىن ئايرىلغان چاڭدەك،*
*تېنىمدىكى بار تومۇرنى كۆرۈپ ساناشقا بولۇر.*

ئۇنى داۋالاشتا ئەمىر ئەبۇلبەقا گوياكى مەسىھ كەبى كارامەت ئىشلارنى قىلدى. كامران مىرزا قايتىش پىكرىدە ناھايىتى قاتتىق كۆچەپ، مۇبالىغىلەرنى قىلدى. ] ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلى شىددەت بىلەن كۆچەيگەنلىكتىن، كامران مىرزىنىڭ قايتىپ كېتىشى قارار قىلىندى. كامران مىرزىنىڭ قايتىپ كېتىشى شىرخاننىڭ تەلىيى بولسا، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بەختسىزلىكى ئىدى. [ھۇمايۇن] پادىشاھ كامران مىرزىدىن كۆپ قىسىم ئەسكەرلىرى ۋە ئەمىرلىرىنى بۇ يەردە ياردەمگە قالدۇرۇپ قويۇشنى قانچە كۆچەپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كامران مىرزا بولسا پادىشاھنىڭ پىكرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ئەگەر خەلقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكە، ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ لەشكىرىنى قويۇپ كېتىشكە بولسا مۇتلەق رازى بولمىدى. بۇ خۇسۇستا ئۇ جىددىي ھەرىكەت قىلدى. ئەمىر خاجەئى كەلانغا

نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى بۇ يەردە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن سايە ـ سەۋەب قىلىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، ئەمىر خاجەئى كەلانمۇ كېتىشكە ۋە كامران مىرزىنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرۈشكە مايىل بولدى. كامران مىرزا ھەر ئاماللارنى قىلىپ، ئەمىر خاجەئى كەلاننى ئۆزىدىن بۇرۇن ماڭدۇردى. ئۆزىمۇ مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا شىرخان گانگى دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە لەشكەرلىرى دەريادىن ئۆتتى.

شىرخاننىڭ ئوغلى قۇتبخان ئاتارە ۋە كاپلى تەرەپكە كەلدى. ئۇ يەرلەردە كەفە، قىرىم ۋە ئۆزبېك سۇلتانلىرىدىن بولغان قاسىم ھۇسەين بار ئىدى ۋە بۇ جايلار بىر پادىشاھنىڭ قېرىندىشى ناسىر مىرزىنىڭ ئوغلى يادگار مىرزىغا تەۋە ئىدى. كاپلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلار كامران مىرزىغا بەردى. كامران مىرزا ئۆزىگە ۋەكالەتەن ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى، بۇ ئۈچۈيلەن قۇتبخانغا قارشى جەڭ قىلىپ، قۇتبخاننى ئۆلتۈردى ۋە ئاجايىپ مەردانە ئىشلارنى قىلىپ، تولۇق غەلىبە قازاندى.

[ھۇمايۇن ] پادىشاھ شىرخانغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن گانگى دەرياسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. لېكىن كامران مىرزا پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پېقىرغا تاپشۇرۇپ، پېقىرنى بىللە ئېلىپ لاھورغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى.

— سىز پۈتكۈل ئۆمرىڭىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىڭىز ۋە خەلقىڭىزنىڭ ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇشقا سەرپ قىلدىڭىز، — دېدى ئۇ پېقىرغا تەكىتلەپ، — لېكىن، ئۇلاردىن سىزگە قانداق ئىشلار كەلدى؟ بۇنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز. ئۇلارنىڭ نالايىق ئىشلىرى تۈپەيلىدىن، قەشقەردىن چىقىپ، مېنىڭ يېنىمغا كەلدىڭىز. مەن سىزنى تۇغقانلىق جەھەتتە بىر تۇغقان قېرىندىشىم دەپ بىلدىم، پۈتكۈل ئىشلىرىمنى ئىشىنىپ سىزگە تاپشۇردۇم. دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋە قارار قىلىشتا سىزنى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە كاتتا تايانچىم دەپ بىلدىم. ئەگەر بۇ جەھەتتە مەندىن بىرەر كەمچىلىك سادىر بولغان بولسا، ئۇنى ماڭا مەلۇم قىلغايسىز، مەن تۈزىتەي، ئۇنداق بولمىسا، دۈشمەن ۋەتەنگە، كېسەل بەدەنگە ھۇجۇم قىلغان بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، قېرىنداشلىق ۋە شەپقەت قوللىرىڭىزنى مەندىن يىراقلاشتۇرمىغايسىز، مېنى بۇ ئىككى تەھلىكىدىن قۇتقۇزۇپ، لاھورغا يەتكۈزگەيسىز.

[يەنە بىر تەرەپتىن ھۇمايۇن پادىشاھ پېقىر بىلەن موغۇل ئادىتى بويىچە دوست تۇتۇشۇپ، ئۆزىگە دوست قىلىۋالدى. سۆزلىگەندە ئىسمىمنى ئەمەس، «دوستۇم» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ خىتاب قىلاتتى. پەرمانلىرىغا بولسا: «ئۇلۇغ سۇلتانلارنىڭ ئەۋلادى، ئېسىل يولباشچىلارنىڭ پۇشتى، ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ يىغىندىسى، مۇكەممەل ۋە مۇنەۋۋەر خىسلەتلەرنىڭ مەنبەسى، بىر تۇغقاندىن ئارتۇق دوستۇم مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان — ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇھەببىتىمىز ئۇزاق داۋام قىلسۇن» دەپ يازاتتى. ھۇمايۇن پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى سۇلتانلار ۋە خىزمە-

تىدە يۈرۈۋاتقان قېرىنداشلىرىدىن ھېچبىرىنى ئۇنداق لەقەملەر بىلەن سۆپەتلەپ ئا-
تاپ ئادەتلەنگەن ئەمەس ئىدى. پېقىرنىڭ يەنىلا كامران مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بو-
لۇۋاتقانلىقىمغا قارىماستىن، ھۇمايۇن پادىشاھ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى پېقىرنىڭ
مەسلىھەتىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۈرگۈزۈۋاتاتتى؛ ئۇ ماڭا قايتا - قايتىلاپ مۇنداق دې-
گەنىدى:

— ئەگەر كامران مىرزا سىزنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ، لاھورغا بېرىشنى تەلەپ
قىلسا، بۇ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ شىددەتتى مىزاجى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكتىن،
ئۆزىنىڭ نېمە قىلىش ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئويلاپ يېتىشكە كېسەلنىڭ
ئىمكان بەرمىگەنلىكىدىن بولغان. ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ، سىزنىڭ لاھورغا
بېرىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇنى لاھورغا ئېلىپ بارىدىغان
ھېچقانداق ئىشنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ساقسىزلىقىنى
ئېيتىپ، سىزنى ئېلىپ كېتىمەن دېسە، سىز تېۋىپ ياكى دورا ئەمەس؛ ئەگەر ئۇ
تۇغقانلىق - دوستلۇق جەھەتتىن شۇنداق دەيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن
بولغان دوستلۇقىڭىز سىزنىڭ بابىر پادىشاھقا بالا بولغان ۋاقتىڭىزدىن باشلىنىدۇ.
شۇڭا، تۇغقانلىق ۋە دوستلۇق جەھەتتە كامران مىرزا بىلەن مەن ئىككىمىز سىزگە
نىسبەتەن ئوپمۇ ئوخشاش. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئۆزى-
ڭىز ئادىل مەيداندا تۇرۇپ ئىنچىكە ئويلاپ كۆرۈڭ. پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ ئىشلىرى
ۋە بابىر پادىشاھ پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرى بۇ قېتىم مەن بىلەن شىرخان ئوتتۇرى-
سىدا بولىدىغان جەڭگە باغلىق بولۇپ تۇرماقتا. ئاشۇنداق ھەل قىلغۇچ ئىش كۈتۈپ
تۇرۇۋاتقاندا، سىز كامران مىرزىنىڭ كېسىلىگە ھەمراھ بولۇپ لاھورغا كەتسىڭىز
قانداق بولار؟ بۇنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئويلاشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، سىز بۇ
خەۋپلىك جايدا تۇرۇشتىن قورقۇپ، بېشىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كامران
مىرزىنىڭ كېسىلىنى سەۋەب قىلىپ، ھەممىنى تاشلاپ، بىخەتەر جايغا كېتىسىز،
ھەممىسى قىرىلىپ، سىز ئامان قالىسىز؛ ئىككىنچىسى، سىز بابىر پادىشاھنىڭ
ھاممىسىنىڭ ئوغلى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەممە بالىلىرىغا نىسبەتەن تۇغقانچىلىقىڭىز ۋە
دوستلۇقىڭىز ئوپمۇئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بابىر پادىشاھنىڭ ھەممە پەرزەنت-
لىرىنىڭ غېمىنى قىلغىنىڭىز ئەۋزەل. مۇشۇنداق ئومۇمىي ھۇجۇم پەيتىدە سىز
ھېچكىمنىڭ غېمىنى يېمەي، بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماس-
تىن، ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىنى ئويلاپ، لاھورغا كەتسىڭىز، ئەگەر لاھوردىنمۇ
خەۋپسىز جاي بولسا، شۇ ياققا كەتسىڭىز، ئەگەر بۇ ھەرىكىتىڭىز دوستلۇق، قې-
رىنداشلىق يوسۇنىغا ئۇيغۇن كەلسە، شۇنداق قىلىڭ. شۇنى بىلگەيسىزكى، ئالەم
ئەھلى سىزنىڭ كامران مىرزا ئاغرىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، لاھورغا
بىللە بارماي، گاڭگى جېڭىنىڭ مەسلىھەتى ئۈچۈن ئەسكەر ئىچىدە قالدى دەپ

ئېھتىرام[①] بىلدۈرگۈسى. بۇ خانىدانلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى بولغان بۇ ئۇرۇشتا ئۆزىڭىز خىزمەت قىلماقچى بولغان بۇ جەمەتنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشى ھەل بولغۇسى. ئومۇم دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندە بۇ ئىشىڭىز توغرا ۋە زۆرۈر. ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ، كامران مىرزىنىڭ كېسىلىنى باھانە قىلىپ، تىنچ جايغا بارسىڭىز، ئەگەر بۇ مۇھىم جاي قولدىن كەتسە، لاھورمۇ ئاشۇ تىغ بىلەن بىرىنچى بولۇپ ۋەيران بولىدۇ.

پېقىر ئويلاپ كۆرۈپ ئاخىر مۇشۇ سۆزگە توختالدىم ـ دە،] كامران مىرزا پېقىرنىڭ پادىشاھنىڭ يېنىدا قېلىشىمغا رۇخسەت بەرمىگەن بولسىمۇ، پېقىر رۇخسەتسىز ھالدا ئايرىلىپ قالدىم. كامران مىرزا ئىسكەندەر سۇلتان باشچىلىقىدا مىڭچە كىشىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئەگەر خەلقىدىن ئېلىپ كېتىشكە ئىمكانىيىتى يار بەرگەنچە ئادەملەرنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ، لاھورغا يۈزلەندى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى دۈشمەنلەرگە قۇۋۋەت، دوستلارغا شىكەستىلىك ئېلىپ كەلدى.

دېمەك، [ھۇمايۇن ] پادىشاھ ئەگرەدىن يولغا چىقتى. گانگى دەرياسىنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ تەرەپتە پادىشاھ، ئۇ تەرەپتە شىرخان. تاكى بىر ئايغىچە بىر ـ بىرى بىلەن تاقابىل ھالەتتە يۈزمۇيۈز قارىشىپ توردى. ئىككى تەرەپ لەشكىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ مۆلچەرلىگەندە، ھەربىر تەرەپتە تەخمىنەن ئىككى لەكتىن زىيادە لەشكەر باردەك كۆرۈنەتتى.

ئاخىر، تېمۇرىي مىرزىلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سۇلتان مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇلۇغ مىرزا ۋە شاھ مىرزىلار خۇراسان ھەققىدىكى بايانىمىزدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ قىزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، بۇ مىرزىلار ھىندىستانغا، بابىر پادىشاھنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى. بابىر پادىشاھ ئۇلارغا ناھايىتى شەپقەت ۋە ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ، تۈرلۈك ئىنايەتلەر بىلەن ئەزىزلىگەنىدى. بابىر پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ھۇمايۇن پادىشاھقا بويسۇنماي نەچچە قېتىم قارشىلاشتى. لېكىن، بۇ قارشىلىشىشلىرىنى ھېچ ئاقتۇرالماي، ئاخىر يەنە ئىلاجىسىز ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشكەنىدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنىدى. بۇ نۆۋەت يەنە شۇ مىرزىلار شىرخان بىلەن كېلىشىۋېلىپ، شۇ تەرەپكە قاچتى. ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن لەشكەرلەر ئىچىدىكى باشقا خالايىقلارنىڭ قېچىشىغىمۇ يول ئېچىلدى. لەشكەرلەر ئىچىدىكى ھەربىر كىشى ئۆزى بىلگىنىچە قېچىشقا باشلىدى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ ئەقىلسىزلەر قېچىپ شىرخانغا قوشۇلمىدى. ئۇلار شىرخاندىنمۇ ياخشىلىق كۈتمەپتۇ. ئۆز خىيالى بويىچە ھاۋا ئىسسىق دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ ئارام ئېلىشىپتۇ. كامران مىرزىنىڭ ياردەمگە قويۇپ كەتكەن لەشكەرلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى لاھورغا قېچىپ

① بۇ سۆز پارىچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئېھتىرام» دېيىلگەن، پارىچە ئىككىنچى نۇسخىدا بولسا «ئېتىراز» دېيىلگەن.

كەتتى.

بۇ جەڭدە [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ ئىلكىدىكى جەڭ ئەسلىھەلىرى ئىچىدە يەتتە يۈز ھارۋا بولۇپ، ھەربىر ھارۋىنى تۆت جۈپ ئۆي سۆرەپ ماڭاتتى. ھەربىر ھارۋىغا بىردىن زەربزەنى رۇمىي (تۈركىيە زەمبىرىكى) ئورنىتىلغانىدى، ئۇنىڭغا بەش يۈز مىسقال ئوق سېلىناتتى. يەنە سەككىز توپەڭ بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئاتمىش جۈپ ئۆي سۆرەپ ماڭاتتى. ئۇنىڭغا تاش ئوقنى سالسا، چىدىماي ئۇندەك بولۇپ كېتەتتى، يەتتە خىل مېتال ئېرىتىمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان بەش مىڭ مىسقال ئېغىرلىقتىكى ئوق سېلىناتتى. ئۇنىڭ ھەربىر دانە ئوقى بىر بەدرەگە تەييار بولاتتى. بىر بەدرە ئىككى يۈز مىسقال كۈمۈش دېمەكتۇر. بۇ توپەڭنى ئاتسا، بىر فەرسەڭ يەردىكى كۆز كۆرگەن نەرسىگە خاتا كەتمەي تېگەتتى.

لەشكەرلەر ئىچىدىن قاچىدىغانلار كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا، شۇنداق مەسلىھەتكە كەلدۇقكى، لەشكەرلەر جەڭ قىلمايلا پىتىراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز جەڭ قىلايلى. خۇدا ساقلىغاي، ئەگەردە بىز يېڭىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئەلنىڭ تەنىسىگە قالمايلى، كىشىلەر بىزنى ھىندىستاندەك كاتتا مەملىكەتنى جەڭ قىلمايلا بىكاردىن بىكارغا قولدىن بېرىپ قويدى، دېيىشمىسۇن. يەنە بىر مەسلىھەت شۇكى، بىز دەريادىن ئۆتەيلى. شۇنداق قىلساق، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كىشى قاچالمايدۇ.

مۇشۇ پىكىر بىلەن ھەممىيلەن دەريادىن ئۆتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ خەندەكلەرنى قېزىشتى. ھەر كۈنى ئىككىلا تەرەپتىن نەچچە ئون باشباشتاق ھىندىلار چىقىپ ئۆزلىرى خالىغانچە باشلىقسىز ۋە تەرتىپسىز ھالەتتە جەڭ قىلىشاتتى. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا يامغۇر ياغقىلى تۇردى. چېدىر تىكىلگەن ۋە قورۇقچى ئەسكەرلەر تۇرىۋاتقان بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۆلچىلىك بولۇپ كەتتى. شۇڭا، بۇ يەردىن كۆچۈش زۆرۈر بولدى. تەدبىرلىك كىشىلەر:

— يامغۇر يەنە يېغىۋەرسە، سەل كېلىپ، لەشكەرلەرنى ئىزتىراپ قايىنىمىدا سەرگەردان قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، دۈشمەننىڭ قارشى تەرىپىدە سەل كەلسىمۇ تەسىر قىلالمىغۇدەك بىر ئېگىز جايغا بېرىپ چۈشەيلى، — دېيىشتى.

پېقىر شۇ ئەتراپقا قاراپ، بىر مۇۋاپىق جاينى كۆردۈم. ئەمىرلەر شۇ يەرگە كۆچۈشنى مۇۋاپىق تاپتى. پېقىر پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ:

— بۇ دۈشمەنلەرنى ئىمتىھان مەھەكى[1] بىلەن سىناپ باقايلى. چۈنكى، بىز كۆچۈۋاتقان مەزگىلدە دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلسا، ئۇ چاغدا ياسال (سەپ) تۈزۈشىمىز تەدبىر يۈنۈلۈشىگە قارىمۇقارشى ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئەتە ئۇشۇر كۈنى[2] ئىنتايىن چىڭ ۋە گىرەلەشمە سەپ تۈزەيلى. ئاندىن دۈشمەن لەشكىرىگە

---

① مەھەك — ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرگە سۈركەپ، ئۇلارنىڭ تازا ياكى تازا ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان تاش، سىناق تېشى.

② ئۇشۇر كۈنى — مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - كۈنى.

يېقىنراق بارايلى؛ ئەگەر دۈشمەن لەشكىرىمۇ سىرتقا چىقىپ، بىزگە ھەملە قىلسا، جەڭ قىلايلى. چۈنكى، بىزنىڭ بىر جەڭ قىلىش پىلانىمىز تېخى بار. مۇۋاپىق چارە شۇكى، بىز ئۆزىمىزنى تۈزۈپ، زەربزەن (زەمبىرەك)لەرنى دەل قىلىپ توغرىلاپ، بەشمىڭغا يېقىن توپچىنى ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىغا تۇرغۇزۇپ، ياسال قىلايلى. ئەگەر دۈشمەن چىقىپ، بىزگە ئۆزىنى ئۇرسا، بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا بۇنىڭدىن ئوبدان ۋاقىت تېپىلمايدۇ. ئەگەر دۈشمەن سىپاھلىرى خەندەكتىن تاشقىرىغا چىقمىسا، بىز تاكى چۈشكىچە سەپ تۈزۈپ تۇرايلى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن چىقماسلىقى ئېنىق مەلۇم بولغاندا، ئاندىن بىز بۇ كۈنى قايتىپ چۈشۈپ، ئەتىسى يەنە چىقىپ ئاشۇ يوسۇندا ياسال قىلىپ تۇرايلى. كۆچمىدىغانلار ياسالنىڭ ئارقىسى بىلەن يۈرۈپ، كۆچمىدىغان مەنزىلگە بېرىپ چۈشسۇن. ھەممىيلەن تولۇق كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز ئاستا ئۇلارنىڭ ئىزىدىن بېرىپ، چۈشسەك بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئېھتىياتقا يېقىنراق، — دېدىم. پۈتكۈل چارە - تەدبىر ئەھلى بۇ مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلدى.

تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق يەتتە، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى① ئاشۇ يوسۇندا ياسال قىلىش ئۈچۈن، قوشۇن ئاتلىنىپ، سەپ تۈزدى. [سەپ خۇددى مۇھەببەت ئەھلىنىڭ يۈرىكىدەك تەۋرىنىپ، تىنچ ۋە مۇقىم تۇرالمىدى. بەلگىلەنگەن قارار بويىچە ھارۋىلار، توپ - زەمبىرەكلەر ئوتتۇرا غولدا تۇردى. ھەربىر توپەڭ، زەمبىرەك، مىلتىق ئاتقۇچى ئۇستىكارلارغا مۇھەممەدخان رۇمى بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇستاز ئەلىقۇلى، ئۇستاز ئەھمەد رۇمى ۋە ھەسەن خەلىپەت باشچىلىق قىلدى. بۇ ئۇستىكارلاردىن ھەربىرى بەلگىلەنگەن يەرگە ھارۋىلار بىلەن زەمبىرەكلەرنى قويۇپ، تەرتىپ بويىچە ھارۋىلارغا زەنجىر تارتىۋەتتى.

بۇ يەردە ئۆز ئېتىغا ماس كەلمەيدىغان ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلاردا «ئەمىر» دېگەن ئاتاق بولغاندىن باشقا، ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق ئەمىرلىك يوق ئىدى، ئۇلار ۋىلايەت ۋە خەزىنىگە تولۇق ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەمىرلىكنىڭ ئەسلى سۈپىتى بولغان چارە - تەدبىر، ھىممەت، غەيرەت - شىجائەت، باتۇرلۇق، ئەرلىك - مەردانىلىك دېگەنلەرگە زەررىچىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ]

پېقىرنى پادىشاھنىڭ سول يېنىدا تۇرۇشقا تەيىنلىدى. ئوڭ بىلىكىم پادىشاھنىڭ سول بىلىكىگە چاپلاشقان ھالەتتە تۇردۇم. ئوڭ قاناتتا پادىشاھنىڭ شاگىرتلىرى بولمىش پۈتكۈل باھادىرلار ۋە تاللانغان ئوغلانلار تۇردى. پېقىرنىڭ سول تەرىپىمدە ئۆزۈمنىڭ مۇلازىملىرىم تۇرغانىدى. پېقىر مۇلازىملىرىم ئىچىدىن تۆت يۈز كىشىنى تاللاپ چىققاندىم. ئۇلار قىرغىنچىلىق مەرىكىلىرىدە كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ پىشقان ۋە جەڭگى - جېدەل ئىشلىرىنى تالاي قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر بولۇپ، ھەممىسى توپچاق ئاتلارغا مىنىشكەن، دۇبۇلغا، ساۋۇت ۋە كىستىۋانلار بىلەن

① ھىجرىيە 947 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - كۈنى مىلادىيىنىڭ 1540 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

جابدۇنغان، ئاتلىرىمۇ پۈتۈن جابدۇقلارغا پۈركەنگەن. پېقىردىن تاكى جەۋانغار غولغىچە تۇغدار ئەمىردىن يىگىرمە يەتتىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۆۋەن يېنىدا ئاندىن جەۋانغار توپى ئورۇن ئالغانىدى. جەۋانغار توپىنىڭ نەقەدەر كۆپلىكىنىمۇ مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلماق كېرەك.

[ھۇمايۇن ] پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى تەييارلىنىپ بولۇشىغا، شىرخان تەرەپتىنمۇ لەشكەرلەر توپ - توپ بولۇپ جەڭگە چىقتى. شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى چىققان چاغدا سول قاناتتىكى يىگىرمە يەتتە تۇغدىن بىرىمۇ قالمىدى، بارلىق داڭدار ئەمىرلەر دۈشمەن بىزگە قاراپ يۈزلەنمىسۇن دەپ، قورقۇشۇپ، تۇغلىرىنى يوشۇرۇشقانىدى. سەردارلىرىنىڭ شىجائىتىنى ئەمىرلىرىنىڭ مانا مۇشۇ «باتۇر»لۇقىدىنلا قىياس قىلىشقا بولاتتى.

شىرخاننىڭ لەشكىرى بەش توپقا بۆلۈنۈپ چىقتى. ھەر بىر توپى مىڭدىن ئارتۇق، ئۈچ مىڭغا قەدەر ئادەمدىن تەركىب تاپقانىدى، پېقىر ھەممىسىنى ئونبەش مىڭ كىشىدىن ئارتۇقراق دەپ قىياس قىلدىم. ئەمما، چاغاتايلىقلارنىڭ لەشكىرىنى قىرىق مىڭ كىشى دەپ مۆلچەرلىدىم. [ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ھەممىسى تولۇق ياساپ - جابدۇلغان ئاتلارغا مىنگەن، دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى كىيىشكەن، دولقۇن ئۈستىگە دولقۇنلار مىنگەشكەن دەريادەك ھەيۋەتلىك ئىدى. ئەمما، لەشكەرلەرنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سەردارلىرىنىڭ ئەر يۈرەكلىك جەھەتتىكى ئەھۋالى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك ئىدى. ]

شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى خەندەكتىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ سان جەھەتتە كۆپرەك بولغان ئىككى توپى خەندەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، قالغان ئۈچ توپ لەشكىرى [ھۇمايۇن ] پادىشاھنىڭ لەشكىرىگە قاراپ يۈزلەندى. بۇ تەرەپتىن [ھۇمايۇن ] پادىشاھنىڭ غول (ئوتتۇرا) قىسمىدىكى لەشكەرلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈردۇك.

[ئۇلار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ توختاپ، بېكىنىشى كېرەك ئىدى. توختايدىغان يەرگە يېتىپ باردۇق، لېكىن توختىغىلى بولمىدى. چۈنكى چاغاتايلىقلارنىڭ لەشكەرىدە ئەمىر ياكى ۋەزىرلەر مەيلى باي بولسۇن ياكى يوقسۇل بولسۇن ھەربىرىنىڭ بىرنەچچىدىن خادىملىرى بار ئىدى، بۇ خادىملاردىن ھەربىرىنىڭ كەم دېگەندە يۈزدىن خاس نۆكىرى بار ئىدى. بۇ نۆكەرلىرىگە تەئەللۇق بەش يۈزدىن غۇلاملىرى بار ئىدى. بۇ غۇلاملار جەڭ ۋاقتىدا يا خوجىلىرىدىن خەۋەرسىز ياكى ئۆزىدىن خەۋەرسىز ئىدى، [ئۆزلىرىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى، نەگە بېرىپ، نەدە توختاشلىرىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن «تۇر!»، «توختا!» دېگەن بۇيرۇقلار بېرىلىۋاتسىمۇ، ئۆز تىزگىنلىرىنى تارتقىدەك چامىسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ خوجىلىرى ئۆز - ئۆزىنى قانداق يوقىتىپ قويغان بولسا، ئۇلارمۇ ئۆزىنى ئۆزى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. توغرا كەلگەن بىر غۇلامنى ئۇرۇپ: «توختا!» دەپ تۇرسىمۇ ئۇلار ئۆز باشلىرىنى چاڭگاللىشىپ،] ئىختىيار يوگۇرەتتى ۋە سەۋر - تاقەت تىزگىنلىرىنى

قولدىن بېرىپ قويغانىدى. قىسقىسى، ھېچ ئامال بىلەن ئۇلارنى توختىتىش مۇمكىن بولمىدى. ئارقىدا تۇرغان غۇلاملار ئوتتۇرىدا تۇرغانلارنى ئىتتىرىپ، سىقىپ، ھارۋىلارغا باغلانغان زەنجىرلەرنىڭ يېنىغىچە سۈرۈپ ئەكېلىپ قويدى، ئىتتىرىشىپ ئوڭنى سولغا، سولنى ئوڭغا ئۇرغىلى تۇردى. خۇددى: «زېمىن ئارقىمۇ ئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا»① دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغاندەك ئەھۋال كۆرۈلگىلى تۇردى. [ئارقىدا تۇرغان غۇلاملار ئالدىدا تۇرغان ئادەملەرنى تۇرتۇپ، سىقىپ، ئۇلار ھارۋىلار ئارىسىغا تارتىلغان زەنجىرلەرنى ئىتتىرىپ، بىرنەچچە يەردىن ئۈزىۋەتتى. ئۈزۈلگەن زەنجىرنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەملەر ئۆزلىرى خالىسۇن - خالىمىسۇن، زەنجىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى زەنجىر تارتىلغان جايدىكىلەر بولسا ئارقىدا قالدى. ئەسكەرلەرنىڭ سېپى بۇزۇلدى. ئوتتۇرا غولدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى.

ئوڭ تەرەپكە شىرخاننىڭ ئۈچ توپ ئەسكىرى باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار قايسى سەپكە بولسۇن باستۇرۇپ كېلىپ، ئوق ئېتىشقانلىرىچە، خۇددى شامال ساماننى ئۇچۇرغاندەك سۈرۈپ، سول تەرەپتىكى سېپىمىزنى تالقاننى چاچقاندەك تۇزۇتۇۋەتتى ۋە ئوتتۇرا غولغا يېتىپ كەلدى. خوجىلىرى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرغان غۇلاملارنى ئارقىدىكى غۇلاملار تۇرتۇپ، زورلاپ ھارۋىلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھارۋىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى، يەنە بىر قىسمى ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. سەپلەر بۇزۇلۇپ، ئەمىرلەر نۆۋكەرلەردىن ئەمىردىن ئايرىلىپ كەتتى. شۇ پەيتتە شىرخاننىڭ ئەسكەرلىرى لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئوڭ قانىتىنى پاراكەندە قىلىپ، غول قىسمىغا يېتىپ كەلدى. ئادەملەر دۈشمەنگە قارىتىپ بىر تال ئوق ئاتمايلا پىتىراپ كەتتى - دە، بىراقلا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى. ] چاغاتايلىقلارنىڭ لەشكىرى غۇلاملار ۋە شاگىرتلارنى قوشمىغاندا، مۇكەممەل قوراللانغان سىپاھلىرى مېنىڭ مۆلچەرىمچە قىرىق مىڭچە كىشى ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئون ئىككى مىڭ كىشىدىن يېڭىلىپ قاچتى. مۇشۇنچىۋالا چوڭ جەڭدە يا دوست تەرەپتىن ياكى دۈشمەن تەرەپتىن بىرەرمۇ ئادەم زەخىملەنمىدى. چاغاتايلىقلار شىرخاندىن يېڭىلدى.

[توپەڭلەر بىرەر تال تاشمۇ ياغدۇرمىدى، زەمبىرەكلەردىن بىرەر پاي ئوقمۇ ئېتىلمىدى، ھارۋىلارمۇ ھەرىكەتسىزلا قېپقالدى. ]

چاغاتايلىقلار قېچىشقا يۈزلەندى. جەڭ بولغان يەردىن گانگى دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر فەرسەڭ مۇساپە بار ئىدى. پۈتكۈل ئەمىرلەر ۋە باھادىرلار ھېچقانداق يارىلانماي، زەخمە يېمەيلا دەريا لېۋىگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلدى. لېكىن، شىرخاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئارقىمۇ ئارقا قوغلاپ كەلدى. چاغاتايلىقلار كېچىك تاپقۇچىلىك ياكى تۆمۈر ساۋۇتلىرىنى سالغۇچىلىك پۇرسەت تاپالمىدى. ھەممىيلەن ئاتلىرى

① «قۇرئان كەرىم» 89 - سۈرە، فەجر، 21 - ئايەت.

بىلەنلا ئۆزلىرىنى سۇغا ئۇردى. گانگى دەرياسىنىڭ كەڭلىكى ساداق بىلەن ئوق ئۇز-گەندە تەخمىنەن بەش ئوق ئېتىمى ئارىلىقىدا بار، مۇشۇنچىۋالا ئۇلۇغ دەريادا نامدار ئەمىرلەر ۋە جەسۇر لەشكەرلەر پۈتۈنلەي نامەردلىك بىلەن غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇلاردىن قالغىنى قالدى، كەتكىنى كەتتى.

دەريادىن ئۆتۈپ، ئۇ قىرغاققا چىققىنىمىزدا، شۇ كۈنىلا سارىيىدا ئون يەتتە مىڭ شاگىرت خىزمىتىدە بولغان ھۇمايۇن پادىشاھ يالاڭئاياغ، يالاڭباشتاق ھالدا ئات بىلەن دەريادىن چىقىپ كەلدى. ئۇنى تۇردى بەگ دېگەن بىر كىشى ئاتقا مىنگۈزۈۋال-غانىدى. [مىسرا:

*بەقا بەقايى خۇدايەستۇ مۇلك مۇلكى خۇدا.*

تەرجىمىسى:

*ئەبەدىيلىك خۇدانىڭ ئەبەدىيلىكى، مەملىكەت ئاللاھنىڭ مەملىكىتى.* ]

پېقىرنىڭ مۇلازىمىتىمدە مىڭ كىشى بار ئىدى. ئۇلاردىن پەقەت ئاتمىش كىشىلا دەريادىن سالامەت چىقتى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چۆكۈپ كەتتى. قالغان خالايىق-نىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلىنسا بولىدۇ.

بىز دەريادىن چىققاندىن كېيىن ئەگرەگە يېتىپ كەلدۇك. ئۇ يەردىمۇ تۇرۇشنىڭ ئامالى قالمىدى. شۇ قەدەر پاراكەندە ۋە پەرىشان ھالەتتە ئىدۇقكى، ئۇنى بايان قىل-ساق، كۆڭۈلگە ئازاپ ئېلىپ كەلگەندىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق. شۇنداق ئەھۋالدا لاھورغا يېتىپ كەلدۇق.

## چاغاتايلىقلارنىڭ ھىندىستاندىن لاھورغا قېچىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

تارىختا توققۇز يۈز قىرىق يەتتە، رەببىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى[1] پۈتكۈل ئەمىرلەر، سۇلتانلار ۋە باشقا خالايىقلار يىغىلدى. خالايىقنىڭ كۆپلۈكى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مېڭىشقا يول، تۇرۇشقا ئورۇن تارلىق قىلدى. ھەر كىمدە بىر ئويى، ھەر ناكەستە بىر خىيال، ھەر جىنستا بىر پىكىر، ھەر ناجىنستا بىر مىكىر پەيدا بول-دى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گانگى ساھىلىدىكى جەڭدىن بۇرۇن دەريا قىرغىقىغا يەتمەيلا

---

① ھىجرىيە 947 - يىلى رەببىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 1 - كۈنى مىلادىيىنىڭ 1540 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

قېچىپ، نەچچە ئون باشباشتاق ھىندىلارغا باش بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن مۇھەممەد سۇلتان ۋە ئۇلۇغ مىرزىلارمۇ بار ئىدى. ئۇ مىرزىلارمۇ ھېچ يەردە تۇرالماي، خارۇزار ھالەتتە لاھورغا كېلىشتى، ئۇلار بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا يورۇپ، [تېخىچە يەنىلا قارشىلىقىش ھەرىكەتلىرىنى داۋام ئەتتۈرىۋاتاتتى. نەچچە ئون ھارامتاماق باشباشتاقلار ئۇلارنى ئۆزىنىڭ توپىغا باشچى قىلىپ، بىر توپ ئېششەكلەرگە ئايلاندى.]

ھىندال مىرزا ۋە يادگار ناسىر مىرزىلارمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان رىجىلەرنى تۈزۈپ، لاپ ئۇرۇشۇپ:

— [بىز بەكەرەگە بېرىپ، شاھ ھۈسەين ئارغۇندىن بەكەرەنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۈچى بىلەن گۇجەراتنى ئالىمىز، — دەپ داۋراڭ قىلىشاتتى. كامران مىرزا ئۇلارنىڭ جاي - جايلارغا پىتىراپ، چېچىلىپ كېتىشى ۋە ئۆزىنىڭلا كابۇلغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن، قانداق ھىيلە - تەدبىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. ھۇمايۇن پادىشاھ باشلىق بىرمۇنچە جامائەت، ئىتتىپاقلىشىش ۋە بىرلىككە كېلىشنىڭ پىكرىدە ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش مۈشكۈل ئىش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي، خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. [ھۇمايۇن] پادشاھنىڭ ئويلىغىنى ئىشنىڭ ئەسلىي تەدبىرى ئىدى.

ھەر نېمە دېگەن بىلەن، شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ، باش قوشۇشتى. بۇ يىغىلىش كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىش ئۈچۈن بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقسىزلىق ۋە پارچىلىنىش يىغىنىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى. دۆلەت كاتتىلىرى ۋە چارە - تەدبىر ئىگىلىرى بۇ يەردە پۈتۈشكەن قارار ۋە كېڭەشكە ھېچ كىشىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ خىلاپلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن، كېڭەشكە بۈيۈك شەخسلەر ۋە كاتتا ئۆلىمالارنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئالىملار ۋە مائارىپ ئەھلىنى بۇ مەسلىھەتكە گۇۋاھ، شاھىد قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، خانىدانلارنىڭ سەرخىلى، مەخدۇملارنىڭ ئىزباسارى، ھەدىس ۋە ئۇسۇل ئىلمىنىڭ ئالىمى، پاكلىقنىڭ تەشەببۇسكارى، ئەۋلىيالارنىڭ تايانچىسى، مۇرشىدلارنىڭ يېتەكچىسى، تەرىقەت ئەھلىنىڭ قىبلىگاھى، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ يولباشچىسى، تەقۋادارلارنىڭ زىننىتى، سىددىق ۋە فارۇق نەسەبلىك ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ يولتۇزى شىھابىددىن مەھمۇد، يەنى تونۇلغان لەقىمى خاجە خاۋەند مەھمۇد — ئاللاھ ئۇلارنىڭ سايىسىنى ئۇزاققىچە ئىخلاسمەنلەر تائىپىسىنىڭ بېشىدا قىلسۇن — ۋە ئۇ زاتنىڭ كىچىك ئىنىسى، سۇلتانلارنىڭ پىرى، خاقانلارنىڭ ئۇستازى خاجە

ئەبدۇلخالىق[①]، يەنە تەقۋادارلار ئالىملارنىڭ ۋە ھەقىقەت ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى،
ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يارەدەمچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئاخىرقى
پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى ئەمىر ئەبۇلبەقا، بۇلار
ھەممىسى ھازىرقى كۈندە ئالىملارنىڭ ئالىمى، پۈتكۈل دۇنيانىڭ تۈتتىن بىرىدە پە-
رى كامىللىقتا يۇقىرى چەككە يەتكەنلەر ۋە بارلىق ئىلىم ئەھلىگە ئۇستاز بولغۇ-
چىلاردۇر؛ يەنە بىرمۇنچە كاتتىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تولۇق بايان قىلساق
سۆزىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ، بۇلار ھەممىسى جەم بولۇشتى.

بارلىق سۇلتانلار، ئەمىرلەر ۋە باشقا ئادەملەر يىغىلىپ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق
مەزمۇنىدا ۋەدە ۋە كاپالەتلەر بېرىشىپ، خەت يېزىشتى. ئۇ خەتنىڭ ھاشىيەسىگە
ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇد باشلىق بارلىق پىر - ئۇستازلار ۋە ئالىملار ئۆزلىرى-
نىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى يېزىپ قەيت قىلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مۇھىم ئىشلارنى كېڭىشىشكە كىرىشتى. [ھۇما-
يۇن ] پادىشاھ ئالدى بىلەن پېقىرغا ئىشارەت قىلىپ:

— [بۇ مەسلىھەتلىشىدىغان ۋاقىت، شۇڭا كۆڭلىڭىزگە كەلگەن پىكىرنى قو-
رۇنماستىن بايان قىلغايسىز، — دېدى.

— [سۇلتان ھۇسەين مىرزا خوراساندا ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭ ئون
سەككىز ئوغلى بار ئىدى، — دېدىم مەن ئەرزىمنى بايان قىلىپ، — بۇ ئوغۇللار
بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، خوراساننى شاھبېكقا بېرىپ
قويۇپ، مانا ھازىرغىچە خەلقنىڭ تاپا - تەنىسى ۋە لەنەت - نەپرىتىگە دۇچار بولدى.
ئۇلار خوراساننى قولدىن بەرگەننىڭ ئۈستىگە ھەممىسى پاراكەندە بولدى، نابۇت بول-
دى. بىر يىل ئىچىدىلا بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ رۇمغا كەتكىنىدىن باشقا، قالغان
قېرىنداشلاردىن ھېچكىم ئامان قالمىدى. مەرھۇم بابىر پادىشاھ ھىندىستاندەك بۇ
چوڭ ئىقلىمنى نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن قولىغا ئېلىپ، سىزلەرگە قالدۇرۇپ
كەتتى. ھىندىستاندەك كاتتا مەملىكەتنى شىرخانغا جەڭسىز ۋە تالاشماستىن بېرىپ
قويۇپ، قاراپ ئولتۇرساڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئۆزۈڭلار ئويلاپ كۆرۈڭلار، خوراسان بە-
لەن ھىندىستاننىڭ چوڭلۇقى ۋە بايلىقىنى سېلىشتۇرغاندا قانداق پەرق بارلىقىنى
دەڭسەپ بېقىڭلار. ھاشىبېكخاندەك جاھانگىر پادشاھقا سېلىشتۇرغاندا شىرخان دې-
گەن قانچىلىك نەرسە؟ بۇ ھەقتە خەلقنىڭ قانچىلىك تاپا - تەنىسى، قارغىش -
مالامىتى ۋە لەنەت - نەپرىتىگە دۇچار بولىدىغانلىقىڭلارنى ئويلاپ كۆرۈڭلار. ئەمدى
تەپەككۇر، شىجائەت ۋە غەيرەت ياقىسىدىن باش چىقىرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىل-
غاندىلا خالايىق ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشنى بىر
تەرەپ قىلىش ئاسان ئىدى. سەل قاراش، بىپەرۋالىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «ئەبدۇلھەق» دېيىلگەن.

ئاسان ئىش قىيىنلاشتى. ئەمدى بىرمۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت چەكمىگۈچە، بۇ ئىشنى
پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى ئىش ئاسان ئىدى، ئۇنى ئۆزۈڭلار قىيىنلاشتۇرۇۋەت-
تىڭلار، شىرخاننىڭ لاھورغا يېتىپ كېلىشىگە يەنە تۆت ئاي ۋاقىت بار. ئەگەر بۇ-
نىمۇ ئېغىر كۆرۈپ سۇسلۇق قىلىنسا، ئىش ئۇنىڭدىنمۇ دىشۋارراق بولىدۇ. ھازىر
پېقىرنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، ھىندىستاننىڭ تاغ ئېتەكلىرىنى سۇلتانلارغا بۆلۈپ
بېرەيلى، ھەركىم ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە يارىشا جاينى ئىگىلىسۇن. پېقىرغا
ئازراق كۈچ بىلەن ياردەم بېرىلسە، پېقىر ئىككى ئاي ئىچىدە كەشمىرنى ئىگىلەشكە
ۋەدە بېرىمەن. قالغان ئەمىرلەرمۇ ھەركىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقسۇن. پېقىرنىڭ كەشمىرگە يېتىپ بارغانلىق خەۋىرىم يەتكەن ھامان، ئەمىرلەر
ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىنى كەشمىرگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزلىرى تاغقا بېكىنسۇن. بىز
[سەرھىند تاغلىرىدىن ] ـ تاكى سارەڭ تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاغ ئې-
تەكلىرىنى مەھكەم تىزگىنلەپ تۇرايلى. شىرخاننىڭ جەڭ ـ سوقۇشلاردىكى كۈچ-
لۈك قورالى توپ ـ زەمبىرەكلەردىن ئىبارەت، ئۇنى هارۋىسىز ھالدا ئېلىپ يۈرگى-
لى بولمايدۇ. ھارۋىلارنى ھەرقانچە قىلغان بىلەن تاغقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئاشۇ
ئەسۋابلىرى بولماي تۇرۇپ، شىرخان جەڭگە قول ئۇزاتمايدۇ. بۇ ۋاقىت ئۇزۇنغا سو-
زۇلغانسېرى شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇزۇقلۇقنىڭ كەملىكىگە تاقەت قىلالماي،
پاراكەندە بولىدۇ ـ دە، شىرخانمۇ قايتىپ كېتىشكە زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

پېقىر ئاشۇنداق دەپ مەسلىھەتىمنى ئاخىرلاشتۇرغانىدىم، كامران مىرزىنىڭ
چىرايى تۇرۇلدى ۋە:

ــ [سىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭىز گەرچە مۇۋاپىق مەسلىھەت بولسىمۇ، لېكىن
ھازىر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن، ــ دېدى.

ــ [پېقىر بۇ مەسلىھەتىمنىڭ ئۆزرىسىنى «ئىشنىڭ ئاسان بولىدىغان ۋاقتى
ئۆتۈپ كەتتى» دەپ باشتىلا ئادا قىلغانىدىم، ئەگەر ھەركىمنىڭ كۆڭلىگە بۇنىڭدىن-
مۇ ئاسانراق تەدبىر يەتكەن بولسا، بايان قىلغاي، ــ دېدىم.

ــ [ھازىر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئىككى يۈز مىڭ ئۆيلۈك كىشى بار، ــ
دېدى كامران مىرزا، ــ سىزنىڭ ئېيتقان بۇ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش قىلساق،
[ئەمەلگە ئاشىشىغۇ ياخشى ] ، ئەگەر ئەكسىچە نەتىجە كۆرۈلۈپ، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا
چىقماي قالسا، بۇ كۆپ جامائەتنىڭ ھەممىسى نابۇت بولىدۇ. ئەڭ ياخشى چارە شۇ-
كى، پادىشاھ ۋە باشقىلار ھەممىسى يالغۇز تۇرۇپ تۇرسۇن، تاغلارغا بېكىنسىمۇ،
كەشمىرگە بارسىمۇ مەيلى، ئايالى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ماڭا قوشۇپ بەرسۇن، مەن
ئۇلارنى كابۇلغا ئېلىپ بېرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قايتا لەشكەر ئېلىپ كېلىپ
قوشۇلاي.

مەجلىستە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرگە ھەيران قالدى. ئۇلار:

ــ [ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى مۇستەھكەملەش ھەققىدە ئەھدە ـ پەيمان قى-

لىشقىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى بولدى؟ قەسەم قىلىشقاندا نېمە دېگەن، ئەمدى نېمە بولدى؟ يەنە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟! ئەھلى ئايالىمىزنى كابۇلغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزىمىز بۇ يەردە يالغۇز قالىدىكەنمىز. كابۇلدىن لاھورغا يەتكۈچە نۇرغۇن دەريالار، قاراقچىلار، تاغلار بار. بۇ ئىش ئەقىلدىن يىراق، — دېيىشتى.

بۇ ھەقتە قانچە سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، كامران مىرزا مۇتلەق قوبۇل قىلمىدى، سۆزلىرىمىزگە قىلچە ئېتىبار بەرمىدى. ئاخىر يەنە ئىتتىپاقلىق ئۈمىدى ئىتتىپاقسىزلىققا ئايلاندى. يىغىلغانلار تارقاشتى.

شۇنداق قىلىپ، بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شىرخان سۇلتانپۇر دەرياسىنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلدى. ھەركىم ئۆزلىرىگە بىر ئورۇننى بەلگىلەپ ئورۇنلىشىدىغان بولدى. [ھۇمايۇن] پادىشاھ بۇ ھەقتە پېقىرغا مەسلىھەت سالدى.

— ھازىر بولسىمۇ كەشمىرنى ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرايلى، — دېدىم ئۆز پىكرىمنى يەنە بايان قىلىپ، — بىر ئامال قىلىپ، پېقىرنى ئاۋۋال ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى ئارقامدىن ئاستا - ئاستا بارغايلا، پېقىر كەشمىرنى جەزمەن ئىشغال قىلىشقا كېپىللىك قىلىمەن.

پادىشاھ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ماڭا ئىجازەت بەردى. پېقىر بۇ يەردىكى ئىشلاردىن پارىغ بولۇپ، تۆت يۈز كىشى بىلەن كەشمىرگە قاراپ يۈزلەندىم.

## بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بېرىش سەۋەبىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، كەشمىر سۇلتانلىرى [ئۆز ئەمىرلىرىنى تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ،] ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەنچە ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى.

كامران مىرزا شاھ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن قەندەھارغا كەتكەن كۈنلەردە، كەشمىر ئەمىرلىرى ئۆزئارا بىر - بىرلىرى بىلەن قارشىلىشىپ، ئەبدال ماكىرى بىلەن زەنگىچەكنى كەشمىردىن قوغلاپ چىقارغانىدى، بۇ ئىككىسى ھىندىستان تاغلىرىدا تۇرىۋاتقان بولۇپ، پېقىرغا ئىلتىجا قىلغانىدى، ئۇلار تەرەپتىن ھاجى ئاتلىق كەشمىرلىك كىشى — بۇ كىشىنىڭ نامى تىبەت ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى — كېلىپ، ۋاستە بولۇپ، پېقىردىن ياردەم سورىغانىدى. پېقىر قايتا - قايتا كۈچەپ، كامران مىرزىغا تەشەببۇس قىلىپ، كەشمىرگە لەشكەر كىرگۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. كامران مىرزا ئەگرەدىن دېھلىغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا لەشكەر ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا بابا چۈچەك دېگەن كىشىنى مەسئۇل قىلىپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشنى تاپشۇردى. ئاشۇ ھاجى دېگەن كىشى بابا چۈچەكنى كەشمىرگە باشلاپ كىرىدىغان بولۇپ، ئەگرەدىن ھەمراھ بولۇپ لاھورغا كەل-

دى. بابا چۈچەك ئىقتىدارسىز ۋە بوشاڭ ئادەم بولغاچقا، بۇ مۇھىم ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشنى كېيىنگە سۈردى. گانگى دەرياسى بويىدىكى جەڭدىن مەغلۇبىيەت خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن قالدى. بابا چۈچەكمۇ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشتىن بوشىتىلدى.

ھەممە كىشى لاھورغا يىغىلغان ئاشۇ كۈنلەردە، ھاجى پېقىر بىلەن ئەبدال مىركى ۋە زەنگىچەكلەرنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە قېتىم بېرىپ ـ كېلىپ قاتراپ يۈرۈپ، كەشمىرنى ئېلىشنىڭ مەسلىھەتى ۋە تەدبىرلىرىنى كۆڭۈلگە ياققۇدەك چارە ـ ئاماللار بىلەن قارار قىلىشقانىدى. پېقىر شۇ سەۋەبتىن تولا كۈچەپ ھۆددە قىلغانىدىم ۋە ئۇلار ھاجىدىن ئەۋەتكەن ئەرزنامە ـ مەكتۇپلارنى [ھۇمايۇن] پادىشاھقا كۆرسەتكەنىدىم. ئاخىر پادىشاھتا پېقىرنىڭ بىرىشىم بىلەن كەشمىرنىڭ ئىشغال قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا بولدى، شۇ سەۋەبتىن پېقىرغا ئىجازەت بەرگەنىدى.

## بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بارغانلىقى، چاغاتايلىقلارنىڭ ھىندىستاندىن چىققاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئەھۋاللىرىنىڭ قىسقىچە بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى، پېقىر [ھۇمايۇن] پادشاھ بىلەن كېڭىشىپ، ئالدى بىلەن مەن ئازراق كىشى بىلەن يېڭىشەھەر (نەۋشەھەر)گە بارىدىغان، ئۇ يەردە كەشمىر ئەمىرلىرى ماڭا قوشۇلسا، ئاندىن ئىسكەندەر توپچى يېڭىشەھەردە پېقىرغا قوشۇلسا، شۇنىڭدىن كېيىن يولغا چىقىدىغان، بىز داۋانغا يەتكەندە، ئەمىر خاجەئى كەلان يېڭىشەھەرگە كېلىدىغان، بىز كەشمىرگە كىرگەندە ئەمىر خاجەئى كەلان داۋان تۈۋىگە كېلىپ، كەشمىرگە يېقىنلىشىدىغان، شۇ چاغدا [ھۇمايۇن] پادشاھ يېڭىشەھەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدىغان، ئىش مۇشۇنداق سەرەمجانلاشقاندىن كېيىن كامران مىرزا ۋە باشقا سۇلتانلار، ئەمىرلەرنىڭ ھەرقايسىسى كۆڭۈللىرى قەيەرنى خالىسا، شۇ تەرەپكە بارىدىغان بولۇپ قارار قىلىنغانىدى. بۇ مەسلىھەت قارار قىلىنغاندىن كېيىن، پېقىر كەشمىرگە قاراپ يۈزلەندىم.

يېڭىشەھەرگە يېتىپ كەلگەندىم، كەشمىرنىڭ بارلىق سەردارلىرى كېلىپ قوشۇلدى. ئىسكەندەر توپچى يېڭىشەھەردىن بىر كۈنلۈك يىراقتا ئىدى. ئەمىر خاجەئى كەلان سىيالكوتتا ئىدى. پېقىر ئىسكەندەر توپچىغا خەۋەر ئەۋەتكەن كۈنى بارلىق ئادەملەرنىڭ لاھوردىن يۈرۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. پېقىر بۇ خەۋەرنى ئۇققان ھامان تېز سۈرئەتتە يولغا چىقتىم ـ دە، كەشمىر داۋىنىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلدىم. كاجىچەك يەنە بىر يولدىن چىققانىكەن؛ بىز ھېچقانداق تالاش ـ تارتىشسىز

ۋە پاراكەندىچىلىكسىز ھالدا يەنە بىر يول بىلەن كەشمىرگە كىردۇق.

لېكىن، لاھوردىكى ۋەيرانچىلىقنىڭ خەۋىرى ئىسكەندەر توپچى بىلەن ئەمىر خاجەئى كەلانغا يېتىش بىلەنلا، ئىسكەندەر توپچى ھىندى تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى سۇلتانلاردىن بىرى بولغان سارەڭدىن ياردەم سوراپ، شۇنىڭ يېنىغا كەتتى: ئەمىر خاجەئى كەلان سىيالكوتتىن چىقىپ، [لاھوردىن] قاچقانلارغا قوشۇلدى.

[ھۇمايۇن] پادىشاھ كەشمىرگە كېلىشكە قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا ھېچكىم قوشۇلمىدى. بىرنەچچە ئەقىلسىز گالۋاڭلار، بولۇپمۇ ھىندال مىرزا، يادگار ناسىر مىرزىلار باشلىق كاتتىلار پادىشاھنى تەتتە ۋە بەكەرگە، يەنى شاھبېك ئارغۇننىڭ ئوغلى، زۇننۇن ئارغۇننىڭ نەۋرىسى بولمىش مىرزا شاھ ھۇسەين ئۈستىگە لەشكەر تارتىشقا دالالەت قىلىپ، ئېلىپ ماڭدى. بۇ مىرزا شاھ ھۇسەين شۇنداق كىشىدۇركى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بابىر پادىشاھ شاھبېكتىن قەندەھارنى قاتتىق جەڭ بىلەن تارتىۋالغاندىن كېيىن، شاھبېك ئۇچ ۋە تەتتە قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ئاشۇ تەۋەدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەنىدى. شاھبېك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا شاھ ھۇسەين ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققانىدى. نەچچە مۇددەتكىچە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش، قەلئەنى مۇستەھكەملەش ۋە باشقا باشقۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ، شەھەر قورغانلىرىنى پۇختىلىۋالغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن پاراسەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. بۇ پاراسەتسىزلەر توپى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ بىر ئىش قىلالمىدى. ئاندىن ھىندال مىرزا قېچىپ، قەندەھارغا باردى. قەندەھار ھاكىمى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، خىزمىتىدە بولدى. لېكىن، ئۇ قەندەھاردا مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشىغا كىرىشتى. شۇڭا، كامران مىرزا كابۇلدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ، قەندەھارغا باردى. [بىرقانچە نالايىق ئىشلاردىن كېيىن.] ھىندال مىرزا كامران مىرزىدىن ئامانلىق تىلەپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بويۇن ئەگدى. مۇشۇ ۋەقە ئەسناسىدا يادگار [ناسىر] مىرزا ۋە قاسىم ھۇسەين سۇلتانلارمۇ [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىن قېچىپ كېلىپ، كامران مىرزىغا قوشۇلدى. ھۇمايۇن پادىشاھ چەكسىز مېھنەت ۋە ھېسابسىز شىددەتلەرگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىراق زېمىنى تەرەپكە كېتىپتۇ. تاكى ھازىرغىچە پادىشاھنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغانلىقى ھېچ مەلۇم ئەمەس. كامران مىرزا بولسا ھازىر كابۇلدا، ھايات ھاۋادىسىلىرى تۈپەيلىدىن تۆۋەن ۋە قىيىن ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزمەكتە.

ھۇمايۇن پادىشاھ ئىگە بولغاندەك بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ سەلتەنەتكە ئېرىشكەن پادىشاھ ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك، يەنە ھۇمايۇن پادىشاھقا دۇچ كەلگەندەك ئازاب - ئوقۇبەت ۋە مېھنەت - مۇشەققەتلەرگە ناھايىتى ئاز پادىشاھلارلا دۇچ كەلگەن بولغىيدى. چەكسىز ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان تەڭرى تائالانىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئۈمىد شۇكى،

تەڭرى ئەگەر يەنە بەخت ـ سائادەت بىلەن ئۇنى سەلتەنەت تەختىگە چىقارسا، ئۆزد-
نىڭ ئىنايەتلىرى سايىسى بىلەن پۈتكۈل شان ـ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،
تىنچ ـ ئامانلىقىقا ئىگە قىلسا ئەجەب ئەمەس. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ
شەرەپلىك ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن تەڭرىم بۇ تىلەكلىرىمىزگە يەت-
كۈزگەي. چۈنكى، تەڭرىنىڭ ئادىتى شۇنداق جارى بولۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئادەتتە دۆ-
لەت ئىگىلىرىگە بۇنداق ئېغىر ھادىسىلەر دۇچ كەلسە، ئۇ ھادىسە تۈپەيلىدىن ئەلۋەت-
تە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھالاك بولىدۇ. سالامەت قالمايدۇ؛ ئەگەر دۆلەت ئىگىلىرى
بۇنداق ھالاكەتلىك ھادىسىدە سالامەت قالغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سالامەت قالغان-
لىقى بىر ھېكمەتكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ كىتابتا ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتۈلگە-
نىدەك، ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى بابىر پادىشاھقا نەچچە قېتىم سە-
مەرقەند تەختىدە ئولتۇرۇش مۇيەسسەر بولدى ۋە نەچچە قېتىملاپ قاتتىق مەغلۇبى-
يەتلەر دۇچ كەلدى. ئەمما، ئۇ مەغلۇبىيەتلەردە ئۆزى سالامەت قالدى. ئاخىر يۈكسەك
ۋە پاك تەڭرى ئۇنىڭغا شۇنداق ئالىي سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغ دۆلەتنى ئاتا قىلدىكى، ئۇ-
نىڭ دۆلىتىدىن پۈتكۈل ئالەم بەھرىمەن بولدى. ياخشى نامى پۈتكۈل پادىشاھلار ئا-
رىسىدا تاكى قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالدى.

ھۇمايۇن پادىشاھنىمۇ تەڭداشسىز ۋە يېگانە ھۆكۈمران بولغان تەڭرى تائالا بۇ
قەدەر ھالاكەتلىك ھادىسىلەردىن ئۆز مۇھاپىزىتى بىلەن سالامەت ساقلاپتۇ. بۇنىڭ
ئاقىۋىتىدە تەڭرىنىڭ بىر ياخشىلىقى ۋە ھېكمىتى باردۇر، ئەزىز تەڭرى خالىسا.

## بۇ كىتابنىڭ مۇسەننىپى ۋە بۇ پارچىنىڭ مۇئەللىپى ھۇمايۇن پادىشاھتىن ئايرىلىپ، كەشمىرگە يۈزلىنىپ، كەشمىرنى ئىشغال قىلغانلىقى، ئاشۇ كۈنلەردە دۇچ كەلگەن ۋەقە-لەرنىڭ مەلۇماتى ۋە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ تۈگەللىنىشىنىڭ بايانى

پېقىر [ھەزرىتى ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ ئىجازىتى، تەڭرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت
بېرىشى ۋە بارلىق مىرزىلارنىڭ بىردەك قوللىشى بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
سەۋەبلەرگە بىنائەن لاھوردىن كەشمىرگە قاراپ يۈرۈش قىلدىم. رەجەب ئېيىنىڭ
[يىگىرمە] ئىككىسىدە [كەشمىر] داۋىنىدىن ئۆتتۇق. كەشمىرنىڭ پايتەخ-
تىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتىمنىڭ تارىخىنى «بىستۇ دەۋۋۇمى رەجەب» (رەجەب
ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى)[1] دېگەن سۆزدىن چىقاردىم. ئۇ كۈنلەر قەۋس پەسلى

---

① «بىستۇ دەۋۋۇمى رەجەب» (بست دوم رجب) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى ۋەكىللىك قىلغۇچى سانلىرىنى جەملىگەندە «947» دېگەن سان كېلىپ چىقىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 947 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى مىلا-دىيىنىڭ 1540 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئىدى. يالغۇز ھالدا كەشمىرنىڭ ھۆكۈمەت تەختىدە ئولتۇرۇشۇم بىلەنلا، پەلەكنىڭ ئورۇنباسارى بولغان بۇلۇتلار مۇبارەكلەپ، يامغۇر تامچىلىرىنى ياقۇت ئۈنچىلىرىدەك، قار دىنارلىرىنى شاھرۇخىي تەڭگىسىدەك چېچىشقا باشلىدى. نەزم:

*مەقدەمىڭغە نىسار قىلماق ئۈچۈن،*
*بەرقلەر قەترەسى ئېرۇر دىنار.*
*ھەر بۇلۇتكىم ھەۋاغە ئۆرلەيدۇر،*
*قەدەمىڭغە ساچارغە تۇردى نىسار.*

ئاشۇ ئىنئام تەسىرى بىلەن يەرنىڭ يۈزلىرى ئاقىرىپ، دۈشمەن كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. بۇ قىشنى كەرەملىك تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن كۆڭۈللۈك، خۇشال ـ خورام ۋە ياخشى ئۆتكۈزدۈق. لېكىن كاجىچەك كەشمىر ھۆكۈمىتىنى ئۈچتالاق قىلىپ، ئۆزىنى ئەھلى ئايالىنىڭمۇ ئەھلى كۆرمەي، ئەھلى ئايالىنى مەلىك ئەبدال ۋە زەنگىچەكلەرگە تاپشۇرۇپ، چىقىپ كەتكەنىدى. بەلكى بۇ ھۆكۈمەتنى ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئالمان ـ تالمان كېتىپ قالىدۇ، بىرەر يىلمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. مىسرا:

*غەلىۋاژ يەڭلىغ ئالتە ئاي مادە، ئالتە ئاي نەر دەپ.*

ھەممە كەشمىر خەلقى ئاشۇنداق ئەقىدە بىلەن كېتىشكەنىدى، ئەزەل خېتىدە يېزىلغان «ئېيتقىنكى، (پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئەي ئاللاھ، خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن)»① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىدى. پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرى ھەقىقەتەن بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسىدۇر. ئەڭ تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولغان پادىشاھتۇر. ئۇ كىمگە خالىسا بېرىدۇ، كىمدىن خالىسا ئالىدۇ. [نەزم:

*جەببارى قەدىمۇ ھەزرەتى كەرىم،*
*بەر ھالى ھەمە خەلق ئەلىمەستۇ ھەكىم.*
*ئەز ھەركى ستاندۇ بەھەر كەسكى دەھەد،*
*بەر بەندە چە چارە ئەست جۇز ئەز تەسلىم.*

---

① «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە ئال ئىمران، 26 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

تەرجىمىسى:

*قەدىمىي قۇدرەتلىك، كەرەملىك زاتسەن،*
*بارچىنى بىلگۈچى ئالىم، ھېكىمسەن.*
*بەندىدە نە چارە تەسلىمدىن ئۆزگە،*
*خالىساڭ بېرىسەن، ياكى ئالىسەن. ]*

كاجىچەكنىڭ خام خىيالچە گويا شىرخان ئۆزىنىڭ زور كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن پاك تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلىغان بولسا كېرەك. شۇڭا بېرىپ شىرخانغا ئىلتىجا قىلىپ پاناھلاندى.

باش باھاردا بۇلۇت سىپاھلىرى چاقماق تىغلىرىنى شولا شەمشەرلىرىدەك ھەرىكەتكە كەلتۈردى، گۈلدۈرماما توپەڭلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى. مۆلدۈر ئوقلىرىنى توپ ئوقلىرىدەك ياندۇرغىلى تۇردى. زېمىن مەيدانىدا كۆكات (چىم) لەشكەرلىرى نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىنى خۇددى ھۆل ھالەتتىكى خەنجەر كەبى نامايان قىلدى. دەرەخلەر ياپراق سوپەرلىرىنى باشلىرىغا كۆتۈرۈشۈپ، سەپ - سەپ بولۇپ تۇردى.

كاجىچەك شىرخاندىن ياردەم ئېلىپ، پۇتكۈل قوشۇنى بىلەن كەشمىرگە قاراپ يۈزلەندى. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا بىزنىڭ تەرەپنىڭ كۈچ - مادارى بولغان مەلىك ئەبدال ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئىش زەنگىچەككە تاپشۇرۇلدى. بىز تورلۇك مۇشەققەتلەر بىلەن — بۇنى بايان قىلىش ساق كۆڭۈلگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ — ئەھلى ئائىللىرىمىزنى ئەندەركۆل قەلئەسىگە كۆچۈرۈپ قويۇپ، ئادەملىرىمىز بىلەن پاراكەندىچىلىك ئىچىدە دۈشمەنگە قارشى جەڭگە يۈزلەندۇق. [نەزم:

*قىسسەئى كوتەھ ھەمىي كۇنەمكى تۇرا،*
*بىش ئەزىن مۇجىبى مەلالى بۇد.*
*دۇشمەنى پىشۇ دۇشمەنى دەر پەس،*
*تۇ بەدانىكى، ئانچە ھالى بۇد.*

تەرجىمىسى:

*قىسسىنى قىسقا ئېيتىمەن، چۈنكى،*
*سوزىۋەتسەم ئۆزۈڭ مالال بولىسەن.*
*ئالدى ھەم ئارقىدا بولسا گەر دۈشمەن،*
*نە بولۇر ئەھۋال، ئۆزۈڭ بىلىسەن.*

ئەلقىسسە، بىز ئۈچ ئايغىچە ھەممە يەرلەرنى مۇستەھكەم تاقاپ، بېكىنىش ئارقىلىق تاقابىل تۇردۇق. ئاخىر كاجىچەك شىرخاننىڭ لەشكىرىي ياردىمى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، كەشمىرنىڭ يۇقىرى تەرىپى بىلەن كېلىپ چۈشتى. بىز تەرەپتىكى كەشمىر لەشكىرى كۆرۈنۈشتە لەشكەر توپىدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. پېقىر بىلەن پەقەت موغۇل لەشكىرىلا قالدى. شۇ كۈنى توساتتىن جەڭ بولىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. بىر كىشى مۇھىم بىر ئىش بىلەن بىر تەرەپكە كەتكەنىدى. ئىككى يۈز ئەللىككە يېقىن كىشىمىز بار ئىدى. كەشمىر خەلقىدىنمۇ ئازراق كىشى موغۇل لەشكىرىگە قوشۇلدى، ھەممىسى ئۈچ يۈزگە يېقىن ئادەم بولدى. شىرخاننىڭ ئەۋەتكەن ئاتلىق لەشكىرىنىڭ سانى بەش مىڭ ئىدى، نەچچە خىل پىيادە لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئاتلىق لەشكەرلەردىن كۆپرەك ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كىرىپ، ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغ ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنى بۇلاپ - تالاشقا باشلىدۇق.

دېمەك، بۇ ۋاقىت تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق سەككىز، رەببىيەلئاخىرنىڭ سەككىزى[1] دۈشەنبە كۈنى پېشىن ۋاقتى ئىدى. دۈشمەنلەرنىڭ ھالى خۇددى «پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»[2] دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك خاراب بولدى. غايىب ئىلھامچىسى گوياكى بىزنىڭ جان قۇلىقىمىزغا «ئاللاھدىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە غەلىبە يېقىندۇر، مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن»[3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ۋە غالىب تەڭرى ئۈچ يۈز نەپەر لەشكەرگە بەشمىڭ ئاتلىق لەشكەرنى ۋە نەچچە مىڭ پىيادە لەشكەرنى مەغلۇب ۋە تېرە - پېرەن قىلدى. «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»[4]. ئۇلۇغ «ئاللاھ راست ئېيتتى»[5]، ئاللاھنىڭ كەرەملىك پەيغەمبىرى راست ئېيتتى. [نەزم:

*سەئادەت بەبەخشايىشى داۋەر ئەست،*
*نە دەر چەڭگو بازۇيى زور ئاۋەر ئەست.*

*زەفەر يا سەئادەت بەئىھسانى ئۇست.*
*شەقاۋەت، ھەزىمەت بەفەرمانى ئۇست.*

---

① ھىجرىيە 948 - يىلى رەببىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 8 - كۈنى مىلادىيىنىڭ 1541 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② «قۇرئان كەرىم»، 105 - سۈرە فىل، 1 - ئايەت.
③ «قۇرئان كەرىم»، 61 - سۈرە سەپ، 13 - ئايەت.
④ «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە، 249 - ئايەتنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى جۈملە.
⑤ «قۇرئان كەرىم»، 33 - سۈرە ئەھزاب، 22 - ئايەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بىر جۈملە.

تەرجىمىسى:

*سائادەتنى تەڭرى ئاتا ئەيلىگەن،*
*ئۇ چاغقال، بىلەك زورىدىن كەلمىگەن.*

*يېگىش ھەم سائادەت ئۇنىڭ بەخشىشى،*
*يېگىلمەك، ھاقارەت ئۇنىڭ يارمىشى. ]*

بۇ ئاجايىپ ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىش زۆرۈر. بىراق بۇنىڭ شۈكۈر – ساناسىنى ئادا قىلىشقا ئاجىزمەن. خۇداغا شۈكرى، بۇ ئاجىزلىقىمنى ئۇلۇغلار ئېتىراپ قىلىدۇ. بىزدەك بىچارىلەرنىڭ ئۆز نۇقسانلىرى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئۇلۇغلار قاتارىغا قويۇش دەۋاسى قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇلۇغلارغا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. شۈكۈر ئېيتىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ نادانلىقىنى تونۇغانلىق بولۇپ، بۇ ئۆز نەپسىگە قىلىنغان زۇلۇمدۇر. ئەي تەڭرىم، مەندەك ئۆز – ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان نادانىنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن، نېمە ئىش ھەل بولسۇن. سېنىڭ دەرگاھىڭغا نېمە لاياقىتىم بولسۇن. بىراق ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىۋاتقان زۇلۇمنى ۋە ھاياتلىقىم ئەشياسىدىن نىشانە ۋە سەزگۈنى، ئۆزۈمنىڭ ھەممە مەسلىھەتىنى شۇنىڭدىن كۆردۈمكى، ئۆزۈمنىڭ باشتىن ئاياغىمغىچە ھەممىسى گۇناھ ۋە نۇقسان ئىدى، سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى چەكسىز مەرھەمەت ۋە پايانسىز ئېھسان بولدى.
نەزم:

*ھەمە قورقادۇر سەندىن، ئەي كىردىگار،*
*ۋەلې قورقادۇرمەن ئۆزۈمدىن دەۋام.*
*كى سەندىن ھەمە ياخشىلىق يەتكۇسى،*
*يامانلىق كېلۇر لېك مەندىن تەمام.*

ئەي تەڭرىم، قىلمىشلىرىمغا لايىق جازا بەرسەڭ، تۇتقۇنلۇقتىن خالاس بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر قىلغان گۇناھلىرىم ئۈچۈن نېمەتلىرىڭنى كېمەيتسەڭ، تىن تارتقۇدەك ماجالىم قالمىغان بولاتتى. نەزم:

*ئەگەر بەندەكىىم ئىشتە جابۇك ئەمەس،*
*ئانى خاجەسى مۇھتەرەم ئەيلەمەس.*

*ئەگەر تەركى خىزمەت قىلۇر لەشكەرى،*
*بولۇر شاھ، لەشكەركەش ئاندىن بىرى.*

*ۋەلى ئەيلەمەس ھەيبى بىچۇنۇ چەند،*
*گۇنەھكارغە رىزق ئىشىكىنى بەند.*

*يامان فىئلىڭە قەھر قىلسە ئەگەر،*
*چۇ ئۇزرر ئايتسالىڭ، ئەفۇ ئېتەر سەر بەسەر.*

ئەي تەڭرىم، ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ گۇمان قىلاتتىم. ئەمما ھەممىسى خاتا ئىدى، ئەمما سېنىڭ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ خۇشاللىقىڭنى ئىستەيمەن، مەن بەندەڭنى ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ئىشقا مايىل قىلغايسەن. مىسرا:

*سۆز بۇ يەرگە يەتتى، سىندى قەلەم.*

قىسقا ئېيتقاندا، كەشمىرنىڭ خەتىبى مەۋلانا جەلالىددىن [مۇھەممەدىيۇسۇف] بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ تارىخىنى «فەتھى مۇكەررەر» (قايتىلانغان غەلىبە)[1] دېگەن سۆزدىن تاپتى. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بۇ نۇۋەتتىكىسىدىن ئىلگىرىمۇ كەشمىرنى بىر قېتىم پەتھى قىلغانىدىم.

## كىتابنىڭ تەڭرى تائالاغا مۇناجات قىلىش بىلەن ئاياغلىششى، كىتاب ۋاستىسى بىلەن دوستلاردىن دۇئا ئىلتىماس قىلىش

ئەي مەۋجۇد بولۇشۇڭ زۆرۈر بولغان ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ ئېھسانىڭ ئۈچۈن جەزمەن لازىم بولغان تەڭرىم! سېنىڭ سۈپەتلىرىڭدە ھېچبىر نۇقسان ۋە ئىنايەتلىرىڭدە ھېچبىر كەمچىلىك يوقتۇر. كەرەم ۋە ساخاۋەتلىرىڭنىڭ تولىلىقىنىڭ ھەددى -

① «فەتھى مۇكەررەر» (فتح مكرر) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى ۋەكىللىك سانلىرى جەملەنسە «948» دېگەن رەقەم ھاسىل بولىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 948 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1541 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ھېسابى ۋە چەك ـ چېگرىسى يوقتۇر. تۈرلۈك ئېھسانلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنى تونۇپ بولالماي نادانلىقتادۇرمىز، نادانلىق تۈپەيلىدىن نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشتىن بىخەۋەرمىز. سېنىڭ ئاشۇ نېمەتلىرىڭنىڭ لايىقىدا شۈكۈر ـ سانالىرىنى ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق دېيىلىدۇكى، كىرىۋاتقان ھەربىر نەپەس ھاياتقا كۈچ بېرىدۇ، چىقىۋاتقان ھەربىر نەپەس جانغا راھەت بېغىشلايدۇ. دېمەك، ھەربىر نەپەستە ئىككى نېمەت مەۋجۇت. ئۇنىڭغا ئالاھىدە شۈكۈر ـ سانا ئېيتىش ۋاجىب. ئەمما، نېمەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ شۈكرىسىنى لايىقىدا ئادا قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشمۇ بىر تۈرلۈك شۈكۈر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بەندە شۇ دەرىجىدە تونۇسۇنكى، ھەممە نېمەتلەرنى تونۇپ يەتسۇن. ئەمما، بۇرۇنقىلار شۇنداق ئېيتقانكى، نەزم:

*ھەركىم ئۆز ھالىغە چاغلىق كۈشىش ئەتمەك خوب ئېرۇر،*
*بىجىھەت خامۇشلۇقدىن ئول بەسى مەرغۇب ئېرۇر.*

شۇڭا، كەمىنە بۇ مەزمۇن ھۆكۈمى بويىچە، ئۆز ئىستىداتىمنىڭ قۇۋۋىتىگە يارىشا، زۆرۈر ۋە كېرەكلىك بولغان سۆزلەرنى بۇ كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ يۈزلىرىگە يازدىم. پېقىرنىڭ كۆڭلىدە بۇنى ئالىي پاراسەتلىك زاتلارنىڭ نەزەرلىرىگە لايىق قىلىش داغدۇغىسى ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتۇرۇش ۋەسۋەسىسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، شۇنىڭدىن ئۈمىدۋارمەنكى، بۇ سۆزلىرىم كۆڭۈللەرنىڭ سەھىپىلىرىدە مېنىڭدىن يادىگار بولۇپ قالغاي. بۇ نۇسخىغا نەزەر سالغۇچىلار پېقىرنىڭ روھىمنى دۇئايى پاتىھە بىلەن ياد ئەتكەي. [پېقىر خارۇزار مۇھەممەد ھەيدەر شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى ] ، بۇ نۇسخىدا ھەرقانداق ئەيىب ۋە نۇقسان كۆرۈلگەن بولسا، كەرەملىك قوللىرى بىلەن تۈزەتكەي. [پېقىرنىڭ مۇشكۈل ئەھۋالىمغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ياخشى دۇئا ۋە تىلەكلىرىگە مۇيەسسەر قىلغاي. شۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن: «ئەي تەڭرىم، بىزلەرگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق بەر، ئاخىرەتتىمۇ ئېزگۈلۈك بېرىپ، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغىن» دېگەن دۇئالىرىمىز ئىجاۋەت بولغاي. ] ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئەي چەكسىز مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك تەڭرى، بىزلەرگە رەھمەت قىلغايسەن، ئامىن.

چەكسىز ئىنايەتلىك پادىشاھ تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تۈگىدى.

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى)



# تۇرپان ۋەسىقىلىرى (I)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: راجەپ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

## 1 ـ ھۆججەت

بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزىنچى (خوك) يىلى ماھى جامادىل ئاخىر ئايىنىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى[1] سەيشەنبە كۈنى ئىدى. مەنكى سىڭگىملىك ئىگىز بويلۇق (قەد دەراز) (مويسىپىت) ئەبۇناسىر بولىمەن.

بۇ ئىش توغرىلىق سەمىمىي ئىقرار قىلىمەنكى، يەقۇپ قازى، سابىر قازى ۋە خىلىل دورغىلار ئىش، ئالۋان سەۋەبىدىن بىر قىسىم يېرىمنى ۋە يەنە لەشكەر سەۋەبىدىن بىر ئېشەك، بىر ئۆيۈمنى ئالغانىدى. بۇ مەزكۇر ئۆي بىلەن يەرلىرىمنى بەرمەيۋاتىدۇ، دەپ، ئەلى باي مەرگەننى ئېلىپ چىقىپ ئەرز قىلغانىدىم، ئەھلى مەھەللە ئارىسىدا مەزكۇر ئۆي بىلەن مەزكۇر ئېشەك ۋە يەرلىرىمنى ئۆز قولۇمغا ھۆججەت بىلەن تاپشۇرۇۋالدىم. ھېچ ھەققىم قالمىدى. بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولسۇن دەپ، تىلخەت بەردىم. بۇ مەزكۇر يەرنىڭ چېگرىسى ئانا (ئەسلى) خەتتە ئېنىقتۇر.

بۇ سۆھبەتتە موللا سېتى، موللا بايىز، موللا ئەيسالار بار.

## 2 ـ ھۆججەت

مىنگونىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى بىرىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى[2] مەنكى ھۆسەن ئوغلى مۆئمىن ئاخۇن بۇ توغرىلىق سەمىمىي ئىقرار قىلدىم. ئابدۇرېھىم ئاخۇن بالامنى سىڭگىملىك نىياز ئاخۇنغا بالا قىلىپ بەردىم. بۇ بالا توغرىسىدا دەۋا

① ھىجرىيە 1288 ـ يىلى مىلادىيە 1867 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.
② مىنگونىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى مىلادىيە 1950 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ.

قىلسام قىلغان دەۋايىم شەرىئەتتە باتىل ۋە ئۆتمەس بولسۇن، دەپ ئۆز تىلىمدىن خەت بېرىپ، ئاتامنىڭ تامغىسىنى بېسىپ بەردىم.

قاسىم ئىمام، تاھىر ئاخۇن سوپى، ئابدۇخالىق سوپىلار گۇۋاھ ـ شاھىدلاردۇر.

### 3 ـ ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزىنچى يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى دۈشەنبە كۈنى① . مەنكى قۇتلۇق باقىدۇرمەن. چوڭ ئوغلۇم ئامىر باقى، ئىككىنچى ئوغلۇم رەھىم باقى، نەۋرىسى مۇھەممەد باقى، ھامىد باقى ئاتا ـ بالا بەشەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ، مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى بىر پارچە يېرىم كۈرلىك يەرنى، يېرىم كۈنلۈك سۇيى بىلەن ساتماق بولدۇق. بۇ بىر پارچە يېرىمىزنى يىگىرمە بەش يىللىقىنى (ھەر يىللىقىنى) ئۈچ سەر ئالتە مىسقال كۈمۈشتىن قىلىپ، توقسەن سەر كۈمۈشكە خەيرۇللا دورغا زەڭگىغە سېتىپ بەردۇق. پۇلنى شۇ كۈنىلا نېسى قالدۇرماي، تامامەن تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇ يەرگە بىر يىل قوناق، بىر يىل بۇغداي تېرىيدۇ.

بۇ يەرنىڭ چەك ـ چېگرىسى — شىمال تەرىپى: چوڭ يول، كۈن چىقىش تەرىپى — تالىپ ئاخۇننىڭ يېرى، كۈن ئولتۇرۇش تەرىپى — تۆمۈر ئېرسالىنىڭ يېرى، جەنۇبى تەرىپى — قىيان ئاقىدىغان غول.

بۇ سۆھبەتتە قازىم دېھقان، سەمەت شەھ، روزى باقى كۆك بېشى، مەڭلىك شەھ قەبۇقچى قاتارلىق كىشىلەر گۇۋاھچى بولدى.

### 4 ـ ھۆججەت

ئابدۇ سەمئى...... لاردىن

ئەۋزەك توپ باشى باشلىق سىڭگىمنىڭ چوڭلىرىغا ئەۋەتكەن خەتنىڭ ئۇچۇرى: ھېلى ئوردىدا يەتمىش سەككىز جىڭدەك يازلىق يۇڭ بار ئىكەن. كىگىز باستۇرايلى دېسەك، كۆزلۈك يۇڭ يوق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن سىزلەرگە بۇ خەتنى ئەۋەتتۇق. خەت يېتىپ بارغان ھامان سىڭگىمدە مال ـ چارۋىسى بارلاردىن ئەللىك جىڭ كۆزلۈك يۇڭ ئېلىپ دەرھال چۇشۇرۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ. كىگىزچىلەر يازلىق يۇڭنى ئىلغاپ تەييار قىلىپ قويدى. كۆزلۈك يۇڭغا قاراپ تۇرىدۇ، جىددىي ئەۋەتىپ بېرىڭلار، دەپ مۇشۇ ئۇچۇرنى ئەۋەتتۇق.

---

① ھىجرىيە 1288 ـ يىلى مىلادىيە 1867 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

## 5 ـ ھۆججەت

ۋاڭشۈي خاننىڭ تۆتىنچى يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى[1] پەيشەنبە. چانگا كۆلدىن (ھازىرقى تۇرپان شەھەر چىچان بازىرى) خەيرۇللار دورغىدە يىگىرمە بەش دادەن قوناق، ئون دادەن بۇغداي ئېلىنىشىمىز بار، دەپ دەۋا بىلەن توقتە ھەكىم ھامىل بولۇپ كەلگەنىدۇق. يۇقۇپ تۇگچى، موللا سۇلتان، خەلىل راھىددىن شاھلارنىڭ قېشىدا ھېساب ـ كىتاب قىلىشىپ، ئۈچ يېرىم دادەن قوناق گەدىنىگە چۈشكەن. شۇ كۈنى بىر يېرىم دادەن قوناقنى بېرىپ، قالغان ئىككى دادەن قوناقنى (بىر دادەننى) بەش سەردىن ئون سەر كۈمۈش باھالاپ، بەشىنچى يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسى بەرمەكچى بولۇپ تۆگەشكەن، دەپ ئۆز تىلىمدىن بەرگەن خەت.

## 6 ـ ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسەن بەقەر (كالا) يىلى رەببىيەلئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى[2] . بىز تۆيۇقتىكى خۇشتار بۇۋىنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك ئاسىم ۋە ئوتتۇرا بوي ۋە ساقالسىز (كۇسا) تۆمۈر نىيازلاردۇرمىز. بىز بۇ ھەقتە ئىقرار قىلدۇقكى، ئانىمىزنىڭ ئاكىسى خەيرۇللا دورغا ئانىمىزغا تېگىشلىك مىراس ھەسسە يېرىمىزنى بەرمىدى، دەپ دەۋا قىلغانىدۇق، ئەھلى مەھەللەلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، مەمەت ئېزىز مىراپ، ھەزىم مىراپ، قەربى نەزەر ئاقساقال، سابىر قازى، موللا سېتى، نايىپ ئاخۇن، موللا بايىز ئىمام ئاخۇنلار باشلىق كىشىلەر يەر ئۈستىگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان يەر بىر يېرىم دادەنلىك يەر ئىكەن. بەش كۈرلىك يەر ھۆكۈم قىلىنىپ بىز دەۋاگەرلەرگە تەگدى.

ئاندىن كېيىن يەر كۆكنى تەلەپ قىلىپ مۇپتى ئاخۇن، رەئىسى ئاخۇنلارغا دەۋا قىلدۇق. مەزكۇر كېلىشتۇرگۇچىلەر تۆت يېرىم دادەن بۇغداينى بۇغداي خامىنىدا بەرسۇن، ئىككى دادەن قوناقنى ھازىر بەرسۇن، دەپ كېسىم قىلدىم. بىز دەۋاگەرلەر ھەم مۇشۇ سۈلھىغە رازى بولۇپ، بىز ئىككى ئوغۇل مەزكۇر پۇلنى ئۆز ھەسسىمىزنى شەرئەت بويىچە ھۆججەت قىلىپ ئالدۇق. بۇندىن كېيىن مەيلى يەر، مەيلى كۆك دەۋاسى قىلساق دەۋايىمىز باتىل ۋە ئۆتمەس بولسۇن، دەپ مۆھۈرلۈك تىلخەت بەردۇق.

سابىت ئاخۇن، روزى باقى مۇفتى مەجلىستىكى سالاچىلار گۇۋاھتۇر.

---

① ۋاڭشۈي خاننىڭ تۆتىنچى يىلى.

② ھىجرىيە 1290 ـ يىلى مىلادىيە 1869 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## 7 ـ ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن يەتتىنچى يىلى روزى ھېيت ئېيىنىڭ سەككىزى يەكشەنبە كۈنى① . بىزلەركى ئىدرىس دورغا، خەيرۇللا دورغا، سابىر نىياز قازى، يەئقۇب قازىلار باشلىق سۇلتان تۇرا ئېرىقلىق پاھلىۋانلار دەرقەمتە تۇرۇپ، بازاردىكى تەئەللۇق يەرنى بىر نۆۋەتتە ئۈچ كۈنلۈك سۇيى بىلەن مەخلىك شاھ، سىيتى ئەلا ئاغا ـ ئىنى ئىككۆيلەنگە بېشچە (تامامەن) مىراس قىلىپ ئون بەش دادەن قوناقا ساتتۇق (بىر دادەنى تۆت سەر...).

(بۇ يەرنىڭ) كۈن چىقىش تەرىپى ــ مەمەت سىدىق بىلەن مەخلىك شاھلارنىڭ يېرى، كۈن ئولتۇرۇش تەرىپى ــ خىتاي گۆرى، شىمال تەرىپى ــ غول، جەنۇب تەرىپى ــ مەمەت سىدىقلارنىڭ يېرىگىچە. بۇندىن كېيىن بىزلەر ــ مەيلى يۇرتىمىزدىكى بەزىبىر پەھلىۋانلار، مەيلى غەيرىدىن بىرەرسى چىقىپ، سەۋەب كۆرسىتىپ دەۋا قىلسا، شەرىئەتتە قىلغان دەۋاسى باتىل ۋە ئۆتمەس بولسۇن، دەپ بۇ خەتنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قىلىپ بەردۇق.

بۇ يىغىلىشتىكى موللا سىيتى ئاخۇن، موللا ئەلى نىياز، موللا بايىز ئىمام، مەمەت سىدىق دېھقان، موللا مەمەت سەمى، ئابدۇرۇسۇل سىيتىلدى دېھقان، ھاگۇت دېھقان، ئەسقەر كۆك بېشى، مەخلىك شاھ دېھقان، ئىمام چاپان، قادىر جۇۋا، مەمەت جېلىل، خېلىل ئەسرەج، موللا تۆمۈر قاتارلىقلار ئىشەنچلىك ۋە مۇۋاپىق شاھىد ـ گۇۋاھچىلاردۇر.

ئىسلامنىڭ ئالتىنچى يىلى روزى ھېيتنىڭ سەككىزىنچى كۈنى، موللا رەھمەت مۇئەززىن قىلغان خەت.

## 8 ـ ھۆججەت

ئىسلامنىڭ بەشىنچى يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى② . مەنكى قادىر توختى مەمەت ئوغلى سىيتى مەخلىك، شاھ مەخلىك، مەخلىك نىياز، ساجىد ئاتا ـ بالا، مەخلىك ئاتا ـ بالا يەتتەيلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپ، ئۆي ئورنى، ئېغىل ـ ئاراملىرى بىلەن زېمىننى قوشۇپ، خەيرۇللا ئاقساقالغا يىگىرمە بەش سەر كۈمۈشكە ساتقان ۋە پۇلىنى بىر كۈندە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەگەر قادىر يالتايسا يىگىرمە بەش سەر كۈمۈشنى بەرىپ قايتۇرۇۋالىدۇ. خەيرۇللا ئاقساقال يالتايسا يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش بېرىپ مەيلى قادىر، مەيلى توختى مەمەت دەۋا قىلسا دەۋاسى قايتۇرىدۇ ئىناۋەتسىز.

گۇۋاھچىلار: سىيتىلدى دېھقان، مەمەت توختى، مەمەت خېلىللاردۇر.

---

① ھىجرىيە 1287 ـ يىلى روزى ھېيت ئېيى مىلادىيە 1866 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② ئىسلامنىڭ 5 ـ يىلى (ھىجرىيە 1286 ـ يىلى) مىلادىيە 1865 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## 9 ـ ھۆججەت

تارىخنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن يەتتىنچى يىلى جەمادىيەلئاخىرىنىڭ يەتتىنچى كۈنى[1]. موللا سىتىۋالدى ئىمامىنىڭ قىزلىرى سىرىمساق، ئاپاق زىبىر، مىينارە ئۈچ قىز ئاتا مىراسى كارىزنىڭ يەر، سۈيىنى دەۋا قىلىپ شەرىئەتكە يۈكۈنگەندە، موللا سىتى نىياز، نايىپ ئاخۇن، يوقۇپ قازىلار كارىزنىڭ يەرلىرىنى كۆرۈپ ئۈچ قىزغا سىتى نىيازدىن بەش كۈرلىك، مەڭلىك نىيازدىن بەش كۈرلىك يەرنى سۈيى بىلەن ئېلىپ، قىزلارغا ئايرىپ بەرگەن. بۇ ئۈچ قىز بىر دادەنلىك يەرنى تېرىيدۇ. كارىزنىڭ لېيىنى ئالىدىغان، چاپىدىغان جاپالىق، كۆچ كېتىدىغان ئىشلار بىلەن قىزلارنىڭ ئىشى يوق. قىزلار بۇندىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق دەۋا ـ دەستۇر قىلمايدىغان بولدى. دەۋا قىلسا شەرىئەت ئالدىدا دەۋاسى باتىل ۋە ئۆتمەس بولسۇن، دەپ ئۆز تىلىدىن بۇ ھۆججەتنى قىلىپ بەرگەن گۇۋاھچى ـ شاھىدلار: يوقۇپ قازى، سابىر قازى، تۇردى باقى ئىمام، باقى قوۋۇقچى، مەڭلىك شاھ قوۋۇقچىلاردۇر. سادىق، مۇۋاپىق شاھىد ـ گۇۋاھچىلاردۇر.

## 10 ـ ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسەن بىر پەلەڭ (يولۋاس) يىلى[2] رەبىيەسسانىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى دۈشەنبە. مەنكى سىڭگىملىك ھامىدنىڭ ئوغلى سىرىق يۈزلۈك، ئېگىز بوي مەھمۇد بولىمەن. مۇنداق ئىقرار قىلدىمكى، سىڭگىملىك خەيرۇللا دورغىنىڭ قولىدا ئېگەر ـ توقۇم بىلەن بىر ئات ۋە بىر مىلتىق ھەققىم بار ئىدى. بەرگىلى ئۇنىمايدۇ، دەپ دەۋا قىلىۋىدىم، شەمسىدىن مەرگەننى ئەۋەتىپ، جاۋابكارنى مەھكىمەئى شەرئىگە (قازىخانىگە) ھازىر قىلدى. ھەقىقەتنى تەكشۈرۈش جەريانىدا جاۋابكار ھىيلە بىلەن قەسەم قىلماقچى بولدى. بۇ چاغدا بىرمۇنچە سالاچىلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئىختىلاپ ۋە نىزانى يوقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز بەش تەڭگە پۇلغا سۈلھى قىلدى. مەنمۇ قوبۇل تۇتۇپ، بەلكى مەزكۇر پۇلنى قولۇمغا ئالدىم ۋە بۇندىن كېيىن دەۋا ـ دەستۇر قىلماس بولۇپ، ئۆز تىلىمدىن بۇ خەتنى قىلىپ بەردىم.

موللا بوساق ۋە رەشىدلار شاھىددۇر.

## 11 ـ ھۆججەت

ئون توققۇزىنچى يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى. مەنكى ھۇسنار ئاپپاقدۇرمەن، ئاتىمىز خەيرۇللا دورغىدىن قالغان يەر ـ سۇدىن ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت دادەن ئۈچ كۈرلىك يەر ـ سۇ بارلىقى ئېنىقلاندى. ئو-

[1] ھىجرىيە 1285 ـ يىلى مىلادىيە 1864 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
[2] ھىجرىيە 1291 ـ يىلى مىلادىيە 1870 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

غۇل - قىز ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك يەر - سۇنى ھېسابلاپ، ئۈچ قىزغا بىر دادەن ئۈچ كۆرىلىك يەر. قوناقلار بىلەن قوشۇلۇپ كەلدى. بۇ يەردىن ئالتە يېرىم كۆرىلىك يەرنى ئاتباقار يىساقىقا بېرىپ، قالغان ئالتە يېرىم كۆرىلىك يەرنى بىر قىزغا ئىككى كۆر بىر يېرىم شىڭلىق يەردىن بۆلدى. بۇ يەرلەرنى قىزلار ھەرقايسىسى ئۆزلىرى ئالىدىغان بولدى. مەن ئۆزۈمگە تەۋە يەرنى يەتتە سەر باھالاپ، مەلىك ئاخۇنغا سېتىپ بەردىم. پۇلنى شۇ كۈنى قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆز تىلىمدىن خەت قىلىپ بەرگەن. مەنكى ھۆسنار ئاپپاقدۇرمەن. چوڭ ئوغلۇم ئابدۇنىيازوللا دورغا، ئىككىنچى ئوغلۇم ئويۇپ نىياز، ئۈچىنچى ئوغلۇم موللا كەرىم، تۆتىنچى ئوغلۇم سۇلتان ئاخۇن، چوڭ قىزىم ئايسۇلتان، ئىككىنچى قىزىم خاتىمەخان.

جېلىل خاتىپ، موللا ئىمام نىياز ھاجى، تۆمۈر توقتەلەر گۇۋاھ - شاھىددۇر.

* *

مەنكى ئايسە مەڭدۇرمەن. ئاتام خەيرۇللا دورغىدىن تەككەن ئىككى كۆرە بىر يېرىم شىڭلىق يېرىمنى زىمىن بىلەن تۆمۈر نىيازئاخۇن، روزى ئاخۇن، خوجى ئابدۇللا ئاخۇنلارغا يەتتە سەر كۈمۈشكە سېتىپ، پۇلىنى شۇ كۈنى ئۆز قولۇمغا ئېلىپ، ئۆز تىلىمدىن بۇ خەتنى قىلىپ بەرگەن.

مەنكى ئايسەمەڭ، چوڭ قىزىم ھەمىدە، ئىككىنچى ئوغلۇم ئويۇپ نىياز، ئۈچىنچى ئوغلۇم ھېزىز ئاخۇن، تۆتىنچى ئوغلۇم تالىپ ئاخۇن، بەشىنچى پولات، ئالتىنچى مەيىنىخان، يەتتىنچى مەڭلىك قىز روزەمخان، دەپ ئۆز تىلىمدىن قىلىپ بەرگەن خەت.

* *

مەنكى زەبىرا خوجەدۇرمەن. ئاتام خەيرۇللا دورغىدىن قالغان ئىككى كۆرە بىر يېرىم شىڭلىق يېرىمنى موللا مەڭلىك باقىلارغا يەتتە سەر كۈمۈشكە زېمىن قىلىپ سېتىپ بەردىم ھەم پۇلىنى شۇ كۈنى ئۆز قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم، دەپ ئۆز تىلىمدىن بۇ خەتنى قىلىپ بەرگەن.

مەن زەبىرا خوجە بولىمەن. چوڭ قىزىم خوزىمخان، ئىككىنچى قىزىم ئۆمۈراخان بۇندىن كېيىن بىرەرسى چىقىپ دەۋا قىلسا قىلغان دەۋاسى باتىل بولسۇن، دەپ ئۆز تىلىمىزدىن قىلىپ بەرگەن خېتىمىز.

## 12 - ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسەن بىر پەلەڭ (يولۋاس) يىلى① زۇلھەججىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى. مەن سىڭگىملىك مەمەت ئېزىزنىڭ ئوغلى ئېگىز بوي ساقالسىز تاجى بولىمەن. شەرىئەت ئالدىدا بۇ توغرۇلۇق سەمىمىي ئىقرار قىلىمەنكى، خەيرۇللا دورغىدا بىر تۆمۈر هارۋا، بىر ئۆكۈز، سەكسەن تال چەڭزە يىغاچ ھەققىم بار. بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، دەپ دەۋا قىلغانىدىم. ئابدۇللا ئون بېشى تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، «بۇلار ئەسلىدە ئېلىنغان» دەپ ئىقرار قىلدى. ئاقىۋەت دەۋايىم ئۆتمىدى. مەن ئەمدى بۇ دەۋانى قىلسام دەۋايىم ئۆتمەس بولسۇن، دەپ تىلىمدىن خەت بەردىم.

---

① ھىجرىيە 1291 - يىلى مىلادىيە 1870 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## 13 ـ ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسەن بەشىنچى يىلى رەمەزاننىڭ تۆتىنچى كۈنى[1]. خەيرۇللا دورغىنىڭ باللىرى موللا رەھمىتۇللا، فەيتۇللا، شەرۋۇللا، ھۆسنارە، ئايسەمەك، زىبىرالار ئاتىسىدىن قالغان ئۆي ـ بىسات، مال ـ مۈلۈك نەرسىلەرنى بۆلۈشۇۋالساق دېگەندە، ئۆي ئەشيالىرىدىن ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز ئوغۇللار ئوغۇل ھەققى، قىزلار قىز ھەققىنى بۆلۈشۈپ ئالغان. قالغان ئىككى كالا، بىر ئات، بىر يىغاچ ھارۋا، بىر دەرۋازا ـ قوۋۇق، ئىككى بارداڭنى قىرىق بەش سەر پۇل ھېسابلاپ، ئوغۇللار ئون سەردىن، قىزلار بەش سەردىن ئالدى. ئوغۇللارغا ئۈچ ئېغىزدىن ئۆي، بەش قوۋۇق؛ قىزلارغا بىر ساراي ئۆي، ئىككى قوۋۇق تەگدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تەكلىك ئوغۇللارغا تۆت تۈپتىن، قىزلارغا ئىككى تۈپتىن تەگدى. ئىككى تۈپ ئاپپاققا تەگدى. تۈيۈقتىكى تەكتىن ھەم ئوغۇللارغا تۆت تۈپتىن، قىزلارغا ئىككى تۈپتىن تەگكەن. ئاپپاققىمۇ ئىككى تۈپ تەگكەن.

بۇندىن كېيىن مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىزلار ئۆي ـ بىسات، مال ـ مۈلۈك ھەققىدە دەۋا قىلسا دەۋاسى باتىل.

بۇ سۆھبەتكە سەئىدنىياز ئاخۇن، موللا نىسار، رەھىم باقىلار قاتنىشىپ شاھىد بولدى.

## 14 ـ ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسەن بەش (ئات) يىلى رەمازاننىڭ ئىككىنچى كۈنى[2]. خەيرۇللا دورغىنىڭ باللىرى ئۆي، باغ، مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىشىمىز دېگەندە، ئۆيلەردىن رەھمىتۇللا مىراپقا ئىككى ئېغىز ئۆي، ئارىلىقنىڭ يېرىمى، چوڭ ـ كىچىك بەش قوۋۇق ئىشىك تەگدى. يەنە قالغان مالدىن رەھمىتۇللا مىراپ ئالغان بىر كالا، بىر يىغاچ ھارۋا ئون سەر باھالاندى. فەيتۇللا بىلەن شەرۋۇللاغا ئۈچ سەر ئۈچ مىسقال ئۈچ يېرىم پۇڭ كۈمۈش قايتۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر تاختاي بارداڭ، بىر جوزا، بىر كەتمەن تەگكەن.

فەيتۇللاغا ئۈچ ئېغىز ئۆي، ئارىلىقنىڭ يېرىمى، چوڭ ـ كىچىك بەش قوۋۇق، يەنە ئارىدا قالغان مالدىن بىر ئات، بىر دەرۋازىنىڭ بىر تەرەپ قوۋۇقى، بىر جۈپ...، بىر كونا قوۋۇق، بىر كەتمەن تەگكەن.

شەرۋۇللاغا ئۈچ ئېغىز ئۆي، چوڭ كىچىك بەش قوۋۇق، يەنە ئارىدا قالغان ماللاردىن بىر ئۆي (كالا)، دەرۋازىنىڭ بىر تەرەپتىكى (يېرىم) قوۋۇقى، بىر ياغاچ بارداڭ، بىر كەتمەن تەگكەن.

بۇ يىغىلىشقا سېتى نىياز ئاخۇن، مەڭلىك شاھ دېھقان، سادىل، رادىل شاھلار گۇۋاھ ـ شاھىددۇر.

(راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم: تۇرپان ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

---

[1] ھىجرىيە 1295 ـ يىلى مىلادىيە 1876 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
[2] ھىجرىيە 1295 ـ يىلى مىلادىيە 1874 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

# «كۇيبالىق» (خانئۇي) ۋە «ئەسكى ھىسار» (قەدىمكى قەشقەر) شەھىرىنىڭ تارىخىي پەردىسىنى ئېچىش ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئابدۇرېھىم ھاشىم

## 1. قەشقەر ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى قەبىلىلەر

ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە مەۋجۇدىيەت مۇساپىسىدە تۈرلۈكناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكى، شۇنداقلا قەشقەر ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ماكاندىكى جۇغراپىيىلىك كەڭلىكتە ياشاپ ئۆتكەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ زامان ۋە ماكان تۈپەيلى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك جەريان ئىچىدە ئىجتىمائىي مىللىي يۈتكىلىشى ۋە ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئىچىدە، ئۆزئارا قويۇق ئالاقىدە بولۇش تەسىرى نەتىجىسىدە بىر - بىرىگە تەبىئىي ئاسسىمىلاتسىيە بولۇش سەۋەبلىرىدىن بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرىغا سىڭىپ كەتتى. شۇڭا قەدىمكى زامان تارىخىدا بۇ دىياردا يارىتىلغان ھەرقايسى قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئىزنالىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى. بۇ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان رېئال تارىخىي پاكىت. بۇ ھەقتە ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى شېئىرىي پارچىلار توغرىسىدا» ① ناملىق ماقالىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «... تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە تارىم ۋادىسىدا تۈركىي تىللىق قوۋملار بىلەن بىرگە زاماندا بولۇپ ياشاپ كەلگەن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان ساك ۋە توخرى قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تۈركىيلىشىشى (ئۇيغۇرلىشىشى)، تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى)نىڭ بۇ رايوندا ئاساسىي تىلغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي جەريان ئىچىدە ساك ۋە توخرى قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدا قەدىمكى ئىران، گرېك ۋە قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئەپسانە - رىۋايەت، قىسسە، ئېپوس (داستان)لار ئۇيغۇر مەنىۋىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى.»

يەنە بۇ ھەقتە غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە. ئۇ بىر قانداشلىق سىستېمىسىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن غەيرى قانداش قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدە...» ② مېنىڭچە، بۇ ھال ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشتىكى بىر تەرەپ. ئىككىنچىدىن، ئەزەلدىن قەشقەر ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەردىن ياغما، قارلۇق، چىگىل، كەنجەك قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ كېيىنكى كۈنلەردە بىر - بىرىگە تەبىئىي ئاسسىمىلاتسىيە بولۇش جەريانىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا سىڭىپ كەتتى. بۇمۇ تارىخىي رېئال پاكىت. مەسىلەن، تېخى 11 - ئەسىردە ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ تۇرغان كەنجەك، چىگىل قاتارلىق تۈركىي قوۋملار ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دېگەن: «... قەشقەردىكى بىرمۇنچە يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ (چىگىل) دەپ ئاتىلىدۇ.» ③، «قەشقەردە كەنجەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. كەنجەك تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى.» ④ مەھمۇد كاشغەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن چىگىل ۋە كەنجەك قاتارلىق تۈركىي قوۋملار قېنى؟ ھازىرمۇ بارمۇ؟ ئېنىق جاۋاب يوق. ئۇلار 11 - ئەسىردىن كېيىنكى تارىخىي جەريان ئىچىدە بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. ياغما ۋە قارلۇقلارمۇ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بولۇش سۈپىتىدە بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان. تۈركىي ۋە تۈركىي بولمىغان يۇقىرىقى قوۋملارنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتى ئاللىقاچان يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ياشىغان بەزى يېزا - كەنتلەر ئۇلارنىڭ نامىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئاتىلىپ كەلمەكتە. مىسال ئۈچۈن مەن بىرقانچە قارلۇق نام بىلەن ئاتالغان يېزىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتەي: قەشقەر بەشكېرەمگە قارايدىغان «قالۇق» كەنتى، قەشقەر يېڭىشەھەر باغچا كەنتىگە قاراشلىق «قالۇق» كەنتى، قەشقەر يېڭىشەھەر باغچا كەنتىگە قاراشلىق «قالۇق» كەنتى. باشقا ۋىلايەتلەردىن مىسال كەلتۈرسەك، خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە «قالۇق ئۆستەڭ»، «قالۇق كىنوخانا»، «قالۇق يېزىسى» بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇستۇن ئارتۇچ كەنتىگە قاراشلىق «بەيساق»، «ئىكساق»، ئالتۇن ئارتۇچ شەھىرىگە قاراشلىق «ئونتساق»، توققۇزاق ناھىيىسىگە قاراشلىق «تۆگساق» قاتارلىق ناملار يۇقىرى بايانىنىڭ مىسالىدۇر.

خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈركىي ۋە تۈركىي بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىشتەك تارىخىي مۇقەررەرلىك جەريانى بولغان. بۇ خىل تەبىئىي ئاسسىمىلاتسىيە بولۇش جەريانى بىرقانچە مىڭ يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋردۇر. بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىك سىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقىش قەشقەر تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەشتە ناھايىتى مۇھىم.

## 2. قەشقەرنىڭ تارىختىكى تۈرلۈك ناملىرى ھەققىدە

بۈگۈنكى قەشقەرنىڭ تارىختا تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى توغرىسىدىكى
مەلۇماتلار تۈرلۈك مەنبەلىك تارىخىي كىتابلار ۋە باشقا تارىخىي ۋەسىقىلەر ئارقى-
لىق دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. بۇ ھەممىگە ئايان مەسىلە. مەسىلەن، كۆيبالىق،
ھۇنبالىق، كەشبالىق (قارشى بالىق)، خانئۆي، كاشغەر، سۇلى، قەشقەر، ئوردا
كەنت، پەنتۇ، ۋۇجى، نوقۇت رىشىت شەھىرى، ئەسكىھىسار، جېشى، قىياشى جىلى
(قاش) چۇۋشا (قاش)، جاشە (قاشە)، جېچا... قاتارلىق ناملار بولۇپ، بۇ خىل ئاتى-
لىشلار ئىچىدىكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن بىر بۆلۈك ناملارنىڭ
يەشمىسىنى ئاساسىي بايانغا پايدىلىق، دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن قىسقىچە تەكرار
يوسۇندا ئىزاھات ئورنىدا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

پەنتۇ قەلئەسى توغرىسىدا ۋاڭ شىياڭ ئەپەندى توختىلىپ: «... شەرقىي خەن
دەۋرىگە كەلگەندە سۇلى دۆلىتىنىڭ مەركىزى پەنتۇ قەلئەسىگە ئۆزگەرتىلگەن. بەل-
كىم سۇلى قەلئەسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. پەنتۇ قەلئەسىنىڭ كو-
نا ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونىدىكى ئەسكىھىسار
قەدىمكى قەلئەسى» ⑤ دەپ بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن «سۇلى» نا-
مىنىڭ «پەنتۇ»غا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ تارىخىي سەۋەبى ۋە «پەنتۇ» نامىنىڭ يەش-
مىسى ھەققىدە چۈشەنچە بەرمىگەن. «شىنجاڭ خەرىتىچىلىك تەزكىرىسى تۈزۈلمە
قۇرۇلۇشى» ناملىق كىتابتا: «... شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى دۆلىتى-
نىڭ (ۋۇجى) شەھىرى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن يەتتە چاقىرىم
يىراقلىقتىكى ئەسكىھىساردا بولغان، ئىزى ھازىرمۇ بار...» ⑥ دەپ كۆرسىتىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن «ۋۇجى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى بېرىلمە-
گەن. «قەشقەر شەھىرى يەر - جاي نامىلىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: «... يەر-
لىك كىشىلەر ئەسكىھىسار شەھىرىنى نوقۇت رىشىت شەھىرى دەيدۇ» ⑦ دەپ كۆر-
سەتكەن بولسىمۇ، پەقەت بۇ خارابىنىڭ نامىنى يېزىش بىلەن چەكلەنگەن. دىققەت
قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، پەنتۇ، ۋۇجى، ئەسكىھىساردىن ئىبارەت ئۈچ نام-
نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىر ئورۇندا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئىبراھىم مۇتىئى
ئەپەندى: «... جېشى، جېچا، جياشى قاتارلىق خەنزۇچە ئاتالغان بۇ ناملار (كەش) ياكى
(كاش) سۆزلىرىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت...» ⑧ دەپ كەسكىن ئوتتۇرىغا
قويغان. لېكىن خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «كەش» ياكى «كاش» نامىلىرىنىڭ ئاھا-
ڭى نېمە ئۈچۈن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىن-
غان؟ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەرلىك تارى-
خىي كىتابلار ئارقىلىق بىلىنگەن ناملارغا كەلسەك، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ

ئۇزاق ئەسىرلىك مەۋجۇدىيەت تارىخي مۇساپىسىدە ياشاپ ئۆتكەن تۈرلۈك قەبىلىلەرگە چېتىشلىق تارىخي مەسىلىدۇر. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ناملارنىڭ بىر بۆلۈكى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخ تەتقىقات ئالىملىرىنىڭ تۈرلۈك مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ناملارنىڭ ئېتمولوگىيىلىك يەشمىسى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىلمىي مۇلاھىزە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي ناملارنىڭ ئېتمولوگىيىلىك يەشمىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى خۇسۇسىدا ھۆججەت ئاساسى بىلەن چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىلگەن ئىلمىي ئەسەرلەر دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا.

### 3. «كۈي» نامى توغرىسىدا

مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ باب، 4 ـ ماۋزۇ، 4 ـ باب، 2 ـ ماۋزۇ ئاستىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

«... مىلادىدىن بۇرۇنقى 18 ـ ئەسىردىكى تارىخي مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە (كۈي)، (دى) ئىبارىسىنىڭ بىر ئېتنىك مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى، كۈيلارنىڭ كۆپ قەبىلىلىك خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم. (تاغ ـ دەريالار قۇرى)، (زۇ چۇەن)، (دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان) قاتارلىق مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، شىياڭ، جۇ سۇلالىرى دەۋرىدە گەنسۇ...، نىڭشىيا... موڭغۇل رايونىدا (يىڭپاڭ)، (كۈيپاڭ) دەپ ئاتالغان قەدىمكى قەبىلىلەر ياشىغان... (پاڭ ـــ دائىرە، ئەل ـ يۇرت دەپ كۆرسىتىلگەن)... (زۇچۇەن)، (گۇيۇي)دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ ئۈچ ئاتالمىنىڭ ئاساسى (كۈي) بولۇپ، ئۇ (دى) قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە نامى بولغان... (ۋېينامە ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى)دە، (دى) نامىنى (دىڭلىڭ) سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى دەپ ئىزاھلىغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم بىر ئېتنىك مەنبەسى بولغان (كۈيپاڭ) ـ (شىمالى دى) دىڭلىڭلار ئىدى. يېقىنقى زامان تەتقىقاتچىلىرى... (كۈيپاڭ) سۆزىنى (ئۇيغۇر)، (ئۇيغۇرلار) دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بار... مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىردە كۈي قەبىلىلىرى بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كەتكەن. تارىخي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار... كۈيپاڭلارنىڭ ئەۋلادى. (تارىخي خاتىرىلەر)گە شەرھى يازغان شۈيشۈڭنىڭ پىكرىچە چاۋۇپ ئىسمى قەدىمكى (كۈي)، (دى)لارنىڭ چاۋپىخان (سىيائوپخان) ناملىق خاقانىنىڭ نامىدىن كەلگەن... غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى زامانىدا ئۆزىنى (توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلار) دەپمۇ ئاتىغان... (كۈي)، (دى)لار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ، جۇ سۇلالىسى ئوردىلىرىدا، ھەر قايسى قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىرگە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئورۇندىغان... (خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى)دە، يەكەن ـــ ساك ئۈي دۆلىتىنىڭ خانلىقى قەلئەسى ـــ

ساركۆي شەھىرى دېيىلگەن...»

يۇقىرىدىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ يىغىندىسىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە شۇكى:

(1) «كۆي» قەبىلىلەر نامى بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى.

(2) «كۆي»لار جۇڭگونىڭ شىياڭ، شىيا، غەربىي جۇ، چۇنچيۇ - جەنگو دەۋرلىرىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا ياشىغان بولۇپ، يۇرت - شەھەرلەرنى قۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا مەركىزىي ئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك كەڭلىكلەرگە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا يېيىلغان.

(3) شۇ تارىخىي دەۋرلەردە «كۆي» ناملىق شەھەرلەرمۇ بولغان. مەسىلەن، بۈگۈنكى يەكەن (ساركۆي شەھىرى) دەپ ئاتالغان. ئۇندىن باشقا، قەدىمكى خانئۆي «كۆيبالىق شەھىرى» دەپ ئاتالغان.

## 4. «كۆيبالىق» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە

«كۆي» نامى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تۈرلۈك تارىخىي ئەسەرلەردىن كۆرگەن قۇربان ئىلى ھاجى خالىد بۇندىن 100 يىل ئىلگىرى (مىلادىيە 1903 - يىلى) «تارىخىي خەمسە شەرقى» ⑨ ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ 768 - بېتىدە مۇنداق دېگەن: «... كۆيبالىق كاشغەرنىڭ قەدىمكى ئىسمى بولۇپ، كۆۋە — كۆي (يۇرت - قىشلاق) مەنىسىدە، بالىق بولسا كاتتا شەھەرگە قويۇلىدىغان نام. كاشغەرنى بۇرۇن كۆيبالىق دەپ ئاتىسا، كېيىن كاشغەر دەپ ئاتىغان. بىزدە ھازىر كۆي سۆزى ئۇنتۇلغان. بۇ تارىخىي مەلۇمات قۇربان ئىلى ھاجى خالىدنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان. بۇ نام چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەزىنگە ئىگە ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئىسپاتتۇر. مەلۇم مەنىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان غەربىي دىيار تارىخىي تەتقىقاتچىلىرى ئالدىغا قويۇلغان تارىخىي تېمىدۇر. تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك سۆزلۈكلەر لۇغەتلىرى بىلەن ھازىرقى زامان تىل لۇغەتلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا «كۆي» نامىنىڭ ھازىرمۇ جانلىق تىلدا قوللىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆزلەر ئىچىدە «كوچا - كۆي، ھويلا - ئارام» دېگەن سۆزدىكى «كۆي» جانلىق تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتىدۇ. يەنى «بۇ گەپ مەھەللە - كۆيدا بىر بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن جۈملىدىكى «كۆي» نامى بۇ جۈملىدە قوللىنىلغان. شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى ئىچىدە كۆي بىلەن باشلىنىدىغان يەر ناملىرى بار. مەسىلەن: قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق پوسكامناھىيىسىدە «كۆيباغ يېزىسى» ناملىق يېزا، شىمالىي شىنجاڭدا «كۆيتۇن» ناملىق شەھەر بار. جانلىق تىل-

مىزدا قوللىنىۋاتقان «كۆي» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆيلارنىڭ يۇرتى مەنىسىدە بولۇپ، بۇ سۆزگە «بالىق» قوشۇلسا «كاتتا شەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ رېئال پاكىت. «كۆي» نامى خەنزۇچە خاتىرىلەرگە «奎» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كۆيتۇن»دىكى «كۆي» بىلەن «كۆيباغ» دىكى «كۆي» ئوخشاش يېزىلغان. «كۆيتۇن» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ رايون ھازىر شەھەر بولۇپ، بۇ رايوندا ئەزەلدىن تۈركىي قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن. «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نىڭ 737 - بېتىدە «奎» (كۆي) خېتىگە بېرىلگەن مەنە يەشمىسىدە ئىككى تۈرلۈك مەنە يەشمىسى چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە فامىلە ئورنىدا كېلىدۇ، دېيىلگەن. مەسىلەن، كۆي پالانى، كۆي پۇستانى... دېگەنگە ئوخشاش. «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نىڭ 1284 - بېتىدە «屯» (تۇن) دېگەن بۇ خەتنى «يېزا» دەپ ئىزاھلىغان. «كۆي» بىلەن «تۇن»نى قوشۇپ ئوقۇغاندا «奎屯» نامى بولۇپ، «كۆي يېزىسى» دېگەن تارىخىي ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرىدۇ. كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر «كۆي يېزىسى» دېگەن بۇ نامنى خەنزۇچە خاتىرىلەرگە «奎屯» دەپ خاتىرىلىگەنلىكى ئېنىق. ھازىرمۇ شەرقىي شىمالدا مەھەللىنى «屯» (تۇن) دەپ ئاتايدۇ. قۇربان ئەلى ھاجى خالىدنىڭ تارىخى مەلۇماتىغا كۆرە، «كۆي» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەۋلادىنىڭ نامى بولۇپ، «كۆيبالىق»، «كۆيتۇن» قاتارلىق بىر قاتار يەر ناملىرى قەدىمكى زاماندا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن بۇ يەرلەرگە قويغان نامىدۇر.

ھازىرقى زامان خەرىتىلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى «كۆيبالىق» شەھىرى بىلەن كۆيتۇننىڭ ئارىلىقىدا مىردىئان ۋە پاراللېللاردا خېلى پەرق بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى زامان يايلاق ھاياتىدىن قارىغاندا كۆچمەن تۇرمۇش بىلەن ئوتلاق، سۇ قوغلىشىپ يۆتكىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى «كۆيبالىق» ئەتراپىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماكانى بولغان «كۆيبالىق» نامىدىكى «كۆي» سۆزىگە «كەنت»نى قوشۇپ، «كۆي كەنت» دەپ ئاتىغان ھەم ئۆز ئىسمىنىڭ باش ياكى ئاخىرىغا تەخەللۇس قىلىپ قوللانغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ناھايىتى قەدىمكى زاماندىكى تارىخىي پائالىيەت جەريانىنىڭ مەھسۇلى. پوسكام ناھىيىسىدىكى «كۆيباغ (奎依巴格)» خېتى ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بىر قاراپلا چۈشىنىپ ئالالايمىز. دېمەك، «كۆي» نامى ئەزەلدىن ئۇيغۇرچە نام. جانلىق تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان «كوچا - كۆي» دېگەن سۆزگە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»[10] دە، «ئۆي سىرتىدىكى جاي» دەپ ئىزاھات بەرگەن، لېكىن «كۆي» نامىغا بېرىلگەن ئىزاھاتى قانائەتلىنەرلىك بولمىغان. «كۆي» قەدىمكى ئۇيغۇر «قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىكى يۇرت» دەپ شەرھلىنىشى لازىم ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان يۇرتىدىن ياقا يۇرتلارغا ھەتتا چەت ئەللەرگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالسا، بۇ يەرلەرگە بۇرۇنقى يۇرت نامىنى ۋە مىللەت نامىنى تەخەللۇس قىلىپ قويىدىغان ئۆزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىسى مەۋجۇد. مەسىلەن، مەرھۇم زەينىل

ئابىدىن مەۋلەۋى دامولللا ھاجىم[11] بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ مەرھۇم زات بۇ ھەقتە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن: «20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ئىدى. مەن ھىندىستاننىڭ (سارامپور)[12] دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگەنىدى. مەن ھىندىستاننىڭ جەنۇبىنى ساياھەت قىلىپ كۆرۈپ كېلەي، دېگەن مەقسەتتە سارامپور پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى (سۇرەت) ناملىق شەھەرگە كېلىپ چۈشتۇم. مەن بازار رەستىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇكان ئىگىسىگە سالام بەردىم. ئۇ كىشى دەرھال سالىمىمغا جاۋاب قىلغاندىن كېيىن مېنى دۇكان ئىچىگە باشلاپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇ كىشى مەندىن: سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن: سارامپوردىن كەلدىم، ئوقۇغۇچىمەن، — دېدىم. ئۇ كىشى: سىز قايسى يۇرتتىن؟ — دەپ سورىدى. مەن: قەشقەردىن كەلگەن ئۇيغۇر، دەپ جاۋاب بېرىشىم بىلەن ئۇ كىشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى قۇچاقلىۋالدى - دە. كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ: سىز كاشغەرلىك ئۇيغۇرمۇ؟ — دېدى. مەن: ھەئە، — دەپ جاۋاب بېرىشىم بىلەن قولۇمدىن يېتىلەپ: يۈرۈڭ ئۆيگە بارايلى، — دەپ مېنى ئۆيگە باشلىدى. مەن ئۇ كىشى بىلەن مېڭىپ، كوچىنىڭ قايرىلىدىغان دوقمۇشىدىن ئۆتۈۋېتىپ دوقمۇشتىكى تاختىغا يېزىلغان ‹كاشغەر كوچىسى› دېگەن خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇ كىشى مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتتى. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر دانە قىلىچ، بىر دانە ئاپتۇۋا ئېلىپ چىقىپ ئالدىمغا قويۇپ: بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى. مەن قىلىچ بىلەن ئاپتۇۋىدىكى خەتنى ئوقۇدۇم: ‹زەرب لەتىپ كاشغەر (كاشغەردە سوقۇلدى)› دېگەن خەت ئىكەن. ئۇ كىشى كۆزىگە ياش ئېلىپ: بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋىگە ئەگىشىپ كەلگەن قەشقەرلىك ئۇيغۇر سەركەردىلەر بولۇپ، بىز شۇلارنىڭ 16 - ئەۋلادى بولىمىز.[13] بۇ تەۋەررۇكنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كېلىۋاتىمىز. ئۆزىڭىز كۆرگەندەك بۇ كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىچىلىكى كاشغەرلىك ئۇيغۇر سەركەردىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، بىز تۇرغان بۇ كوچىنى ‹كاشغەر كوچىسى› دەپ ئاتايمىز. بۇ نامنىڭ قويۇلغانلىقىغا كۆپ ئەسىرلەر بولدى. شۇڭا ئۆزىمىزگە ‹كاشغەر› دېگەن نامنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىمىز، — دېدى»... بۇندىن باشقا مەن 1990 - يىلى تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىگە بارغان ئىدىم. بۇ شەھەرنىڭ «ئەسكىشەھەر» رايونى مەلۇم كوچا بېشىدىكى تاختىغا «ئۇيغۇر كوچىسى» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم. دېمەك، ئۇيغۇرلار مىللەت نامىنىمۇ ئۆزى ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا قويىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە.

**5. نېمە ئۈچۈن «كۆيبالىق» نامىدىكى شەھەر 11 - ئەسىر ئىچىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە كۆرۈلمەيدۇ؟**

بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختالمىغان؟ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ 11 - ئەسىردە سىزغان ئاسىيا خەرىتىسىدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات يوق، كۆيبالىققا يېقىن تاشبالىق، ئوچابالىق (ھازىرقى يېڭىسار) شەھەرلىرىمۇ زاماندىش شەھەرلەر بولۇپ، پەقەت كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئوچابالىق» ھەققىدە تۆۋەندىكىچە مەلۇماتى بار. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمىي شەھەرلەر»⑭ ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «... شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 5 - باب 59 - ۋاراق 24 - قۇردا (ئوساربالىق) دېگەن شەھەر ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە بۇ شەھەر (乌刹国) (ئوسار مەملىكىتى) دېيىلگەن. بۇ شەھەرنى تۇگۇشىۋا (يېڭىسار) دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. ستەين ۋە پېللىئود يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدا، دەيدۇ. ياپونىيە ئالىمى بەينىياۋ كوجى يەكەن دەپ قارايدۇ. مەن بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئىچىدە تۇگۇشىۋانىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. (ئوساربالىق)نىڭ توغرا تەلەپپۇزى (ئوچابالىق). ھازىرمۇ يېڭىساردا ئوچا يېزىسى بولۇپ، ئوچا دېگەن سۆز تىلىمىزدا (بازار - ئوچا) دىكى (ئوچا)نى كۆرسىتىدۇ.» بۇنىڭدىن قارىغاندا 11 - ئەسىردىن بۇرۇنلا بۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتىنى يوقاتقان. بىز بۇ مەسىلىدىكى جاۋابقا يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلار ئارقىلىق ئېرىشەلەيمىز. مەھمۇد كاشغەرى «كىتابتا ئېيتىلغان ۋە ئېيتىلمىغان نەرسىلەر توغرىسىدا»⑮ ناملىق ماۋزۇ ئاستىدىكى بايانىدا مۇنداق دېگەن: «مەن كىتابتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم، چۈنكى بۇ تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ نامىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم...» مەھمۇد كاشغەرى يەنە: «... ئىشلىتىۋاتقان سۆزلەرنى ئالدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. مېنىڭ بۇ تۇتقان يولۇم تېخىمۇ توغرا.»⑯ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان سۆزلىرىدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، 11 - ئەسىردە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۈپ سۆزلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئاساس قىلغان، ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان ياكى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنى ياكى ئايرىم قەبىلىلەر ئىشلىتىدىغان مۇھىم بولمىغان سۆزلەرنى دىۋانغا كىرگۈزمىگەن. مەسىلەن، «كۆي» نامى 11 - ئەسىرگە كەلگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئومۇمىي ئەجدادلىرىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن قەبىلىلەر نامى بولۇپ، بۇ دەۋرگە كەلگەندە شەھەر ناملىرىمۇ باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان. چۈنكى «كۆي» نامى 11 - ئەسىر تارىخىي دەۋرىدىن تەخمىنەن 1500 يىل ئىلگىرىكى سۆز ئىستېمالى بولۇپ، ھازىرقى كۈندىن

2500 يىل ئىلگىرىكى ئەھۋال. بۇ تارىخىي مەسىلىنى بۇ خىل تەرتىپتە بايان قى-
لىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇكى، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قە-
دىمىي شەھەرلەر» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق بىر تارىخىي ھەقىقەتنى شەرھلەپ ئۆت-
كەن: «خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يى-
لىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە)دىن تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 - يىلىدىن
907 - يىلىغىچە) دەۋرىگىچە قەشقەر (سۇلىگو) دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدەك بۇ شەھەرنى
(چۇشىياگو) دەپ ئاتىغان. بۇ (كەشبالىق)نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ، مەنە تەرجىمىسى...
خەنزۇچە ئۇزاق مۇددەت (سۇلى) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يەر نامى ئۆز دەۋرىدىلا يەر-
لىك خەلق تەرىپىدىن (كاشغەر) دەپ ئاتالغان...»⑰ بۇ باياندىن شۇنى چۈشىنىۋې-
لىشقا بولىدۇكى، يەرلىك خەلقنىڭ بۇ شەھەرنى «كاشغەر» دەپ ئاتاۋاتقان تارىخىغا
2200 يىلدىن ئارتۇق بولغان. مەھمۇد كاشغەرى «كەنت» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا
«كەنت شەھەر شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر ئوردا كەنت دېيىلىدۇ. بۇ (خان تۇرىدىغان
شەھەر، مەركەز) دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن
ئاپراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان. بۇ يەر تۆۋەن چىندۇر.» مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىغا
ئاساسەن قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىنى 2500 يىلدىن ئۇزاققا سوزۇش مۇمكىن.
چۈنكى ئاپراسىياپ ھازىرقى كۈندىن 2500 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن رىۋايەتتىكى قەھ-
رىمان. بۇ رىۋايەتكە ئاساسەن «كاشغەر» دېگەن بۇ نام ئاپراسىياپ زامانىدا قوللى-
نىلغانمۇ ياكى «كۆيبالىق» نامى قوللىنىلغانمۇ؟ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىنچىكە،
چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەردە ئاپراسىياپ زامانىدا «كۆيبالىق» دەپ
ئاتالغان بولسا، بۇ نامنىڭ قوللىنىلغان تارىخى 3000 يىلغا يېقىن بولغان بولىدۇ.

### 6. «كۆيبالىق» (خانئۆي) شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە كۆلىمى توغرىسىدا

بىر بۆلۈك تەتقىقاتچىلار «كۆيبالىق» (خانئۆي) قەدىمىي شەھىرىنى بۇرۇنقى قەش-
قەر دەپ قارىماقتا. خەنزۇ تارىخچىلىرى قەدىمىي «خانئۆي» شەھىرىنى «　　»،
يەنى كونا قەشقەر دەپ قارىماقتا. تارىخچى ۋاڭ شىياڭ ئەپەندى «يېڭى تاڭنامە جۇغراپىيە
تەزكىرىسى»دىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «... سۇلى با-
زىرى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 28 كىلومېتىر كېلىدىغان خانئۆي قە-
دىمىي شەھىرىنىڭ ئورنىدا بولسا كېرەك... خانئۆي قەدىمىي كونا شەھىرىنىڭ مەدەنىي
ئىزى خېلىلا زور بولۇپ، پۈتكۈل كونا ئىز شەرقتىن غەربكە 10 كىلومېتىر، جە-
نۇبتىن شىمالغا 6 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. كونا
ئىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چاسا شەكىللىك كىچىك قەلئە بار، قەلئەنىڭ ئىگىلىگەن
ئورنى $9000m^2$ بولۇپ، چۆرىسىدە يەتتە چى قېلىنلىقتا سوقما سېپىل تام بولۇپ،
قەلئەنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە بىر زەمبىرەك پوتەيى ياسالغان، شەرقىي جەنۇب

ۋە غەربىي شىمال تەرەپىنىڭ ھەرقايسىسىدا بىردىن بەش چى كەڭلىكتە سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلغان. كىچىك قەلئە ئەلۋەتتە سۇلى پادىشاھى بىلەن نازارەت مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مەركىزى بولۇپ، قەلئە ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەر ئۆز ۋاقتىدا سودا ـ سانائەت ۋە ئاۋات ئاھالىلەر رايونلىرى بولغان...»⑱ مەنمۇ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا «قەدىمىي قەشقەر خانىئۈي تۇغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالەمنى ئېلان قىلغانىدىم. مەزكۇر ماقالىدا «... 1958 ـ يىلى ئەتىيازدا بىر ئۇيغۇر ئۇۋۇچىغا خانئۈي سېپىل ئەتراپىدىن ئىككى دانە تۆمۈر تامغا، كېيىنكى مەزگىللەردە يەنە بىر كىشىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر دانە تامغا، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن يەنە بىر تامغا ئۇچرىغان...» دەپ يازغانمەن. ئۇندىن باشقا، مانى يېزىقىدىكى ئەسەر پارچىلىرى چىققان. يەنە ئەنگلىيىلىك باۋېل كەشمىر ئارقىلىق 1891 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىكى قەدىمكى شەھەر (ئەسكىھەسار) ئەتراپىدىن مىلادىيە V ئەسىرگە ئائىت قېيىن دەرىخى پوستىغا براھمى يېزىقىدا يېزىلغان سانسكرىتچە نومنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. (شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 27 ـ قىسىم، 381 ـ بەتكە قاراڭ) شۇنداقلا ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ بۇددا نوم پارچىلىرىمۇ تېپىلغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇلارنى مىسال ئورنىدا كەلتۈرىمەن.

يەنە يۇەن سۇلالىسىغا ئائىت نوملارنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلغان.

1 ـ بەت: يەر ئاسمانغا ھۆرمەت قىلىش، ئىلاھىي نۇرغا (ئىلاھقا) چوقۇنۇش، ئەجدادقا ئەگىشىش، ئاتا ـ ئانىغا مېھرىبان بولۇش، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇش، ئۇستازلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئاكا ـ ئۇكىلار ئىناق بولۇش، دوستلۇققا ئەشىنىش، جەمەتداشلارغا يېقىن، يۇرت ئىچىدە ئىناق ياشاش، ئەر ـ ئايال ئاجراشماسلىق، پەرزەنتلىرىنى ئوبدان بېقىش. ئەزگۈلۈك قىلىش، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولغاندا ئۇ دۇنيادا سورىقى بولمايدۇ، كەمبەغەللەرگە خەيرى ـ ئېھسان قىلىش.

2 ـ بەت: ئىلاھىي نۇر (ئىلاھ) مۇقەددەس. يالغانچى، ساختىپەز بولماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش ـ ئادەمنىڭ ماھىيىتى، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇش ـ ئادەم بولۇشنىڭ يىلتىزى. سەن ئەجدادىڭغا ئوخشاش ماڭا ئەگەشىپ، ئەزگۈ ئىشلارنى قىلساڭ، تاپىنىڭدا رىڭگارەڭ بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، سېنى كۆككە ئېلىپ چىقىدۇ. 7 ـ نوم ـ ئالدى بىلەن مەن ئۈچ دانە ئەرش ئىشىكى كۆردۇم. بارلىق ئىلاھلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدۇم.

3 ـ بەت: ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاقكۆڭۈللەر ئەمەلدار قىلىپ ئۆستۈرۈلسۇن، يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياۋۇزلارنىڭ نەسلى قۇرۇسۇن. سېنىڭ تۆھپەڭ دەررۇ زاھىر بولۇپ كۆرۈلسىمۇ، بىراق تەڭرى ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. بەخت ـ سائادەت بىلەن بالايى ـ ئاپەت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بېرىدۇ. تەڭرىنى كۆز ـ قۇلىقى يوق دەپ قارىما. سەن پىنھاندا تۇرۇپ ئالدامچىلىق قىلساڭمۇ (كۆز بويامچىلىق)، قىلمىساڭمۇ، كەڭرى جاھان سېنى سې-

زىۋالىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، بەيئەت قىلىشتا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق ئىش قىلما.

4 - بەت: تۆت بارماقنىڭ ھەممىسى تەڭ ئەمەس. ئۆز ئىشىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بول. يامانلىق قىلغۇچى ئادەم جازاسىنى تارتىدۇ. بۇنىڭدا قىلچىمۇ شەك يوق. شۆھرەتپەرەسلىك - بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى. ۋاپادار بولۇش - بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسى. ئادەتتىكى (ئەقەللىي) قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئادەم ئۆزلۈكىدىن خىجىل بولىدۇ (ئىچ - ئىچىدىن خىجالەتتە قالىسەن). شۇڭا ئىچ - ئىچىدىن خىجىل بولىدىغان ئىشلارنى خۇشاللىق ئىش دەپ قىلىپ قالما. ئەگەر مېنىڭ نەسىھەتىمنى ئاڭلىمىساڭ، مېنىڭ قولۇمدىكى پىچاقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆر.

يۇقىرىدىكى بۇ نوم پارچىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەشقەرگە قويغان ھۆكۈمدار ھۇزۇرىغا يىغىلغان موڭغۇل ئەمەلدارلىرىغا قىلغان نەسىھەتى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

1957 - يىلى لۈيى دېگەن كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەر شەھىرىدىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر، خانئۆيىنى تەكشۈرۈشكە بارىدۇ. بۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا خانئۆيدىن 17 خىل پۇل تاپىدۇ. بۇ پۇللار ئىچىدە بىر دانە يېزىقى بار تىللا پۇل بولۇپ، بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ھەجىمدىكى ساپال، كۆپ قاتارلىق بۇيۇملار چىققان بولۇپ، تۈرلۈك گېئومېتىرىك شەكىلگە ئىگە ساپالغا ئويۇلغان سىزمىلارمۇ ئۇچرىغان. لۈيى دېگەن كىشى بۇ تەكشۈرۈشتە يىغىلغان بۇيۇملارنى تەتقىق قىلىش بىلەن خانئۆي توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى خانئۆي شەھىرىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇن كاشغەر دەپ ئاتالغانلىقى ئۇنىڭدىن بۇرۇن «كۆيبالىق» دەپ ئاتالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنى تەتقىق قىلىپ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. كېيىنكى تارىخىي ئەسىرلەردە «كۆيبالىق» (خانئۆي)نىڭ ئورنى ئەسكىھېسارغا يۆتكەلگەن بولۇپ، قەشقەر دەپ ئاتالغان. «كۆيبالىق» قەدىمكى خانئۆي شەھىرى كېيىنكى تارىخىي ئەسىرلەر ئىچىدە بىرقانچە قېتىم كېڭىيىپ - تارايغانلىقى، ئاخىرىدا خارابىلاشقانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ئەڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان، دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەر ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار مەلۇم ئەمەس.

ئەسكىھېسار «قەدىمكى كاشغەر» شەھىرىنىڭ دائىرىسى غەربتە ھازىرقى قەشقەر تېببىي مەكتەپ دائىرىسىدىن باشلىنىپ پايناپ كەنتى، ئەسكىھېسار قەلئەسى، دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپى، دۆلەتباغ يېزا 8 - كەنت 2 - گۇرۇپپا دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»[19] (2 - كىتاب)تا مۇنداق مەلۇمات يېزىلغان: «... (تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى)دە يېزىلىشىچە،

قەدىمكى قەشقەر شەھىرى بۈگۈنكى قەشقەردىن كەڭ جايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان بىر سېپىل بىلەن ئورالغان» دەپ يېزىلغان.

قەدىمكى «كاشغەر» شەھەر سېپىلىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئامىللارنىڭ كەسكىن يېمىرىش خاراكتېرلىك زەربىسى ئاستىدا يوقالغان بولۇپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن قىسمى پەقەت ئوردا سېپىل خارابىسىدىن ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە بىزگە يادىكار بولۇپ قالدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدا (1905 ـ يىل) فرانسىيىلىك تەتقىقاتچى پائول.پېللىيوت⑳ قەشقەرگە كېلىپ، ئەسكىھىسار خارابىسىدە گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، بۇ خارابىنىڭ 1:10000m ماسشتاپلىق خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ۋە قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر بۆلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ چاغدا خارابە سېپىلىنىڭ غەربتىن شەرققە ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 287 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كەتكەن سېپىل قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 205 مېتىر بولغان. ھازىر ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان ھالىتى قالغان. ئازادلىقتىن سەل بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبي ئەپەندى بۇ خارابىلىقتا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىر قىسىم تۆشۈكسىز مىس پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. بۇندىن باشقا 2002 ـ يىلى ئارسلانخان يولىنى ياساۋاتقان ۋاقىتتا ئارسلانخان يولى ئاستىدىن قاراخانىيلارغا ئائىت نۇرغۇن پۇللار چىققان. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرى يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە: «... ئەسكىھىسارنىڭ كۆلىمىنى بەزىلەر 88 مو ئەتراپىدا دېسە، يەنە بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇرۇنقى شەھەرنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىگە توغرا كېلىدۇ، دېيىشىدۇ» دېيىلگەن. بۇ خىل تەسەۋۋۇرلۇق كۆز قارىشى قەدىمكى «كاشغەر» شەھىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە تارىختا ئىگىلىگەن جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيەت دائىرىسىگە ۋە ھازىرقى خارابە ئىز ھالىتىگە نىسبەتەن ماس كەلمەيدۇ. «كاشغەر» شەھىرىنىڭ دائىرىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 88 مو ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك دائىرە بىلەن چەكلەنمەيدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ 88 مو ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك دائىرە دەپ قاراۋاتقان كۆزقارىشىدىكى ئاساس پەقەت «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ خان ئوردىسى دائىرىسىدىن ئىبارەت. مېنىڭ تەتقىقاتىمچە، «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ غەربىي سېپىل ئۈچى ھازىرقى قەشقەر تېببىي مەكتەپنىڭ غەربىدىكى يارلىقتىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ پايناپ كەنتى ئەسكىھىسار خان قەلئەسىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ غەربىي ساھىلىگە قەدەر سوزۇلغان. «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى دۆلەتباغ 8 ـ كەنت 2 ـ گۇرۇپپا دائىرىـ

سىدە بولۇپ، «قارا قوۋۇق (ئارتۇچ دەرۋازىسى)» دەپ ئاتالغان. بۇ دەرۋازىنىڭ سىر-
تىدىكى رايونلار توغرىسىدا ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت، جورئەت قۇببەس «قاراخانىيلارنىڭ
بىناكارلىق سەنئىتى»㉑ ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «... بۇ رايونىنىڭ
ئەتراپى تاغقا تۇتاشقىچە تۇرالغۇ جاي بولغان. بۇ يەردە ئۇلتۇراقلاشقانلار تاغقا چى-
قىپ، ئالتۇن ئارتۇچ مەشھەد يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلى-
قىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى...» بۇ مەلۇماتقا دەلىل شۇكى، 11 - ئە-
سىردە يېڭىھىسار بىلەن هاراپ ئوتتۇرىسىدىكى چۆلدە ئىككى خىل دىننى ئېتىقادقا
ئىگە بىر مىللەتنىڭ (ئۇيغۇر) هەربىي كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك دىنىي ئۇ-
رۇش بولۇپ، بۇ جەڭدە قازا قىلغان قاراخانىيلارنىڭ هەربىي سەردارى سەئىد
ئارسلانخاننىڭ بېشىنى بۇددىست هەربىي كۈچلىرىنىڭ باشلىقى نوقوت رشىت كې-
سىۋېلىپ، «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قارا قوۋۇق دەرۋازىسى ئۈس-
تىگە ئاسقان. سېپىلنىڭ قارا قوۋۇق دەرۋازىسىدىكى قىسمى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ها-
زىرقى دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى «غەجەك» دېگەن جايغىچە سوزۇلغان.
ئەينى چاغدا جەنۇبتىكى بۇ جايغا «جەنۇبىي قوۋۇق» دەپ نام بېرىلگەن. هازىر كىشى-
لەر بۇ جاينى «داۋزا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە «داۋزا مەھەللىسى» دېگەن مەھەللە بار.
بۇ داۋزا يېنىدا ئۆز ۋاقتىدا ئادەم بېلى چوڭلۇقىدا سۇ ئېتىلىپ چىقىدىغان بىر
بۇلاق بولۇپ، بۇ «يانبۇلاق» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ بۇلاق سۈيى
توختاپ قېلىپ تىنىپ كەتكەن. بۇ بۇلاقنى هازىرمۇ كىشىلەر «يانبۇلاق» دەپ ئاتاي-
دۇ. «قەدىمكى قەشقەر»نىڭ دائىرىسى تەخمىنەن ئىككى مىڭ مودىن كۆپرەك كېلى-
دۇ. بۇ خىل باياننىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرى باشقىلار بايان قىلغاندەك 88 مو دائىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان كىچىك قەلئە بولسا، ئۇنداقتا بۇ تارىختا مەشھۇر قەدىمىي شەھەرنىڭ
ئاھالىسى، هەربىي قىسمى، بازار - رەستىلىرى، هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يۇقىرىدا
ئېيتىلغان 88 مو يەرگە قانداق سىغقان؟! يەنە بىر تەرەپتىن 11 - ئەسىردە يۈز بەر-
گەن ئىككى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان بىر مىللەتنىڭ 300 مىڭغا يېقىن هەربىي
كۈچى بىر - بىرىگە قارشى مۇشۇ 88 مو دائىرىدە ئۇرۇشقانمۇ؟ بۇ ئەقىلگە ياكى تا-
رىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. مەن ئىككى تەرەپ هەربىي كۈچلىرىنىڭ كۆپلۈكى،
شەھەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە سېپىلنىڭ ئېگىزلىكىنى نەزەردە تۇتقان هالدا بۇ
دائىرە ناهايىتى كەڭ، دەپ قارايمەن.

2) تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرق قىرغىقىدىكى ئەسكىھىسار دەپ قارالغان رايونلاردا
500 مو كېلىدىغان «بارگاھ»㉒ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر تارىخىي ئورۇن بو-
لۇپ، بۇ ئورۇنمۇ سېپىل بىلەن ئورالغان. بۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھ ئائىلىسى ۋە ئە-
مەلدارلار ئائىلە تەۋەلىرى ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، بۇ يەردىمۇ هۆكۈمەت ئور-
گانلىرى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ئورۇندا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار «بارد-

گاھ» نامىنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «بارگاھ» نامىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: ئەيسا بارگاھ، تۇرسۇنخان بارگاھ، پاشاخان بارگاھ، ماموت بارگاھ...

3) ھىجرىيىنىڭ 489 ـ يىلى (مىلادىيە 1097 ـ 1096 ـ يىللىرى) بۇددىست ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن خالخال ماچىن، نوقوت رىشىت، ياغلا قالقالۇ قاتارلىق كىشىلەر 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان يۈسۈپ قادىرخان، سەئىد ئارسلانخان... قاتارلىق ئىسلام ھەربىي سەركەردىلىرى بىلەن مانا شۇنداق كەڭ دائىرىنى ئىگىلىگەن «قەدىمكى قەشقەر»نى تالىشىش ۋە دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان.

## 7. «قەدىمكى قەشقەر» سېپىل قورۇلۇشى ھەققىدە

«قەدىمكى قەشقەر»نىڭ ئۆز دەۋرىدە مەشھۇر بولغان سېپىل قورۇلۇشى توغرىسىدا كۆپ مەلۇمات يوق بولۇپ، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرى بار. بەزى تارىخىي ئەسەرلەردىن بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا مەلۇمات تاپقىلى بولىدۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ سېپىلى ھەم ئېگىز ھەم كەڭ قىلىپ پۇختا ياساپ چىقىلغان. «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا زور مۇداپىئە رولىنى ئوينىغان. بۇ ھەقتە يەرلىك تەزكىرىلەردىكى رىۋايەتلەرگە كۆرە، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ «ئەسكىھىسار» شەھىرىنى ئايلاپ مۇھاسىرە قىلغانلىقى، ناھايىتى تەستە شەھەرنى ئىشغال قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. سېپىل قورغۇچىلار سېپىل سوقۇشتا ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ئاملىنى نەزەردە تۇتۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش بولۇپ قالسا دۈشمەن تەرەپنىڭ سۇ يولىنى ئۈزۈۋېتىشنى ئويلىغان ھالدا ئاشكارا ۋە مەخپىي سۇ يولىنى ياساپ چىققان. ئاشكارا سۇ يولى «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىگە تۈمەن دەرياسىدىن سەمەن تەرەپتىن ئۆستەڭ چېپىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، قىزىلدۆۋە كەنتىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى كارانتىن ئىدارىسى يېنى بىلەن جەنۇبىي ئازاد يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۇتبول مەيدانىنى كېسىپ، پاياناپ يېزىسى ئارقىلىق ئەسكىھىسارغا كېلەتتى. بۇ ئاشكارا سۇ يولى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر زەيكەش يولى دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۇ يولى ھازىر يوق. مەخپىي سۇ يولى ھازىرقى قەشقەر تېببىي مەكتەپنىڭ غەربىدىكى قىزىل دەريا سۈيىدىن مەخپىي ئېلىپ كېلىنگەن. «ئەسكىھىسار» شەھەر سېپىلى سوقۇلۇپ ئىككى مېتىر ئېگىزلىگەندە سېپىل بويلاپ، سېپىلنىڭ شەھەرگە قارايدىغان تەرىپىگە باشتىن ـ ئاخىر دىئامېتىرى 20cm لىق كۇلرەڭلىك قوش قەۋەت ساپال نو ياتقۇزۇلغان. ئاندىن سې-

پىل داۋاملىق ئېگىزلىتىلىپ 12 مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن. 1955 - يىلى پايناپ يېزد-
سىدىكى دېھقانلار سېپىلنىڭ كونا توپىسى يەرگە قۇۋۋەت قىلىدۇ، دېگەن پەرمانغا
بىنائەن سېپىلنى چاققاندا باشتىن - ئاخىر ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېپىل-
دىن كۆلرەڭ قوش ساپال نو چىققان. بۇ چېقىشقا قاتناشقان كىشىلەر ھازىرمۇ ھايات
بار. بۇ ھەقتە قەشقەر شەھىرى ئىچىدە ئۇلتۇرۇشلۇق مەشھۇر تىلشۇناس ۋە تارىخچى
مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ساپال نو چىققانلىقى
ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال بېرىپ، بۇ ساپال نونى كۆرگەن،
ئۇنىڭ رەڭگى كۆلرەڭ ئىكەن.» مانا بۇ «قەدىمكى قەشقەر» (ئەسكىھىسار) شەھىرىگە
مەخپىي كىرىدىغان سۇ يولىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساپال نونىڭ راستلىقى ھەققىدىكى
تىرىك شاھىتنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى. نېمە ئۈچۈن بۇ ساپال نونىڭ رەڭگى كۆلرەڭدە
بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە قەشقەردىكى مەشھۇر كولالچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل نو ئۇزاق
مۇددەت يەر ئاستىدا تۇرۇش جەريانىدا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ساپال نونى كۆلرەڭگە
كىرگۈزۈپ پىشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ساپال نونى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن
تېمپېراتۇرىنى پەسلىتىپ، ئۈستىگە بورا يېپىلىدۇ، ئەتراپلىرىنى كاكول لاي بىلەن
ئېتىپ، بىر ھەپتە ئۈستىدىن سۇ قۇيۇلىدۇ. تۆمۈر زىخچىدا بورىنىڭ ئۇ يەر - بۇ
يەرلىرى تېشىپ قويىلىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاندىن ئاچقاندا نو كۆلرەڭگە كى-
رىدۇ. خىمىيىدىن خەۋىرى بار زىيالىيلارنىڭ كۆزقارىشىچە، كۆلرەڭگە كىرگۈزۈش
ئۈچۈن خۇمداندا نونى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن Pbo پىلومپوم ئوكسىدى (قوغۇ-
شۇن ئوكسىدى) لاي بوتقىسىنى پىشۇرۇلغان نوغا سۈركەپ قايتىدىن خۇمدانغا سې-
لىپ پىشۇرۇپ ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ساپال نونىڭ رەڭگى كۆلرەڭگە كىرىدۇ. دې-
مەك، مەيلى قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللانسۇن، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەت
سۇ ئاقىدىغان ساپال نونى كۆلرەڭدە قىلىپ ئىشلەپ چىققان. بۇ بىر خىل مەندىن
قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھۈنەر - سەنئەت قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى نامايان
قىلىدۇ. تۈركىيە ئالىمى شەمسىددىن سامى بەگنىڭ 1889 - يىل ئىستامبولدا نەشر
قىلىنغان «قامۇسۇل ئەئلام» ناملىق ئەسىرىدە بۇ شەھەرگە ناھايىتى ئۇزۇن ئىككى
نو ئارقىلىق سۇ كىرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى بۇ ئەسەرنى كۆرگەن كىشى-
لەردىن ئاڭلىغانىدىم. مەخپىي سۇ يولى قۇرۇلۇشى يالغۇز «قەدىمكى قەشقەر» شەھە-
رىگە خاس قۇرۇلۇش بولۇپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى غەربىي دىيار تارىخىدا باشقا
شەھەرلەرنىڭ سېپىل قۇرۇلۇشىدىمۇ بولغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار بار.
مەسىلەن، «بالاساغۇن» شەھىرىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، بۇنداق ساپال نو بۇ شەھەر-
دىنمۇ چىققان. ئۇندىن باشقا 1797 - يىلى موللا نىياز خوتەنى يازغان «ئىسلام دىنى-
نىڭ خوتەنگە كىرىش ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش»㉓ ناملىق ئەسەردە: «... قەلئەگە
كىرىدىغان سۇنى توسۇۋېلىشنى نىشانلاپ، ئىزلەپ يۈرۈپ، قەلئەگە كىرىدىغان سۇ
يولى ئاغزىنى تېپىپ، يەر ئاستىدىن مىس نو بىلەن سۇ كىرىدىغان ئېغىزنى تو-

سۈۋالدى...». دېمەك، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر غەربىي دىيار سېپىل قۇرۇلۇشىدا مەخپىي سۇ يولى قۇرۇلۇشىنىڭ بولغانلىقى رېئال پاكىت. يىپەك يولى سودىسىنىڭ گۈللىنىشى جەريانىدا «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىدە غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئۇچرىشىش تەسىرىدە شەھەرنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى ئۆز دەۋرىگە يارىشا زور دەرىجىدە راۋاجلانغان... خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كونكرېت كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سېپىلنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى، مەيدانى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تارتىپ سۈي سۇلالىسىگىچە (مىلادىيە 589 - 420 - يىللار)، سۈي سۇلالىسى (618 - 581 - يىللار) «... شەھەر سېپىلى 5 چاقىرىم بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدى»㉔. ۋاڭ شىياڭ ئەپەندى «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ سېپىل قۇرۇلۇشى تارىخى دەۋرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «... مىلادىدىن بۇرۇنقى 659 - يىلىدىن 620 - يىلىغىچە چىن موگۇڭىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى بۈگۈنكى قەشقەرگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ياۋروپا بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسىمۇ ئاللىقاچان باشلانغان. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى قەشقەر شەھىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان ياكى ھېچبولمىغاندا شەھەر سېپىللىرىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئورۇنلىنىپ بولغان...»㉕ ۋاڭ شىياڭ ئەپەندىنىڭ بۇ مۇھىم بايانىغا ئاساسەن قەدىمكى «قەشقەر» سېپىلىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھازىرقى كۈندىن 2659 يىل بۇرۇن بولغان بولىدۇ.

## 8. قەدىمكى قەشقەر شەھىرىنىڭ 11 - ئەسىردىكى بازار ئەھۋالى توغرىسىدا

بارلىق غەربىي دىيار تەتقىقاتچىلىرى قەشقەرنى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان، دەپ سۆزلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق 11 - ئەسىردىكى قەشقەر بازارلىرىدىكى كونكرېت ئېلىم - سېتىم تاۋارلىرى ھەققىدە ئانچە كۆپ توختالمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىيلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كونكرېت ئىسپاتلىق ھۆججەت ئاساسى بار مەلۇماتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىيلەر قەشقەرگە كېلىۋاتقان شەرق ۋە غەرب سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 - باب «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان» مەدھىيىسى بايانىدا مۇنداق ئىككى مىسرالىق نەزمە ئارقىلىق شىمالىي جۇڭگودىن قەشقەرگە كەلگەن قىتان㉖ سودا كارۋانلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان:

68 قوڭغۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،

تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى. («قۇتادغۇبىلىك»، 53 ـ بەت)

دېمەك، قىتان سودا كارۋانلىرىنىڭ تاۋغاچ (شىمالىي جۇڭگو رايونى)دا ئىشلەنگەن تۈرلۈك يىپەك رەختلەرنى قەشقەر بازارلىرىدا سېتىۋاتقان مەنزىرىسى بايان قىلىنغان. ئۇندىن باشقا 58 ـ باب سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا مۇنداق نەزمە يازغان:

4423 شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلىگىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.
4425 ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما، جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان.
4426 تۈزۈتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى،
قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ئاغى؟ («قۇتادغۇبىلىك»، 915 ـ بەت)
4427 كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسە ئىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟ («قۇتادغۇبىلىك»، 917 ـ بەت)
5367 يۈرەر كارۋان جاھاندا ئەللەر كېزىپ،
يىپەك، سەۋسەر، تىيىن ئالۇرسەن تېرىپ. («قۇتادغۇبىلىك»، 1101 ـ بەت)
5367 قەسەپ، تۈزى رۇمى جاھان تاڭسىقى،
ساڭا كەلسە تولماس غەزنەڭ قازنىغى. («قۇتادغۇبىلىك»، 1101 ـ بەت)
«قۇتادغۇبىلىك» ئىزاھاتلىرىدىن:
1) قەسەپ ـ ھىندىستان شايىسى.
2) تۈزى رۇمى ـ ۋىزانتىيە كىمخابلىرى.

60 ـ باب قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا مۇنداق نەزمە يازغان:

4458 تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى يەنە تېرىچى،
يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى، ياچى. («قۇتادغۇبىلىك»، 923 ـ بەت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىدىكى نەزملىرىنىڭ مەزمۇنىدىن بىز 11 ـ ئەسىردە (قەشقەر) بازارلىرىدا سېتىلىۋاتقان قارا قاما، جۇۋا، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تۆمۈردىن ياسالغان سايمانلار، ئۆتۈك، تېرە، سىر، بوياق ماتېرىياللىرى، ياسالغان ئوق، ياسالغان يا قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ئېلىم ـ سېتىم قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بازار مەنزىرىسىنى بىلەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان قىتان كارۋانلىرى ھەققىدە بارتولىد مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... قارا قىتانلارنى ئادەتتە توغۇزغۇزلاردىن كېلىپ چىققان ۋە بەزى موغۇل ئامىللىرى ئارىلاشقان خەلق، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ

سۇلالىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى شىمالىي جۇڭگو بولغاچقا، جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە «لىياۋ (辽)، نامىدا يۇرگۈزۈلىدۇ.» (بارتولىد: «يەتتە سۇ تارىخىي ئوچېركلىرى»، 48 - بەت.)

قىتانلار قۇرغان دۆلەت (غەربىي لىياۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) ۋ.ۋ.بارتولىدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 - باب «قارا قىتانلار» بابىدا مۇنداق يېزىلغان: «... 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا قىتانلار ئۇلۇغ ئوكياندىن بايقال ۋە تەڭرىتاغقا قەدەر سوزۇلغان چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىنى قۇردى...»㉗ مەھمۇد كاشغەرى شەرقتىن غەربىي دىيارغا كېلىۋاتقان چىن سودىگەرلىرى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن فار - فۇر چىنە قاچىلار، تۈرلۈك رەڭدار يىپەك رەختلەرنىڭ قەشقەردە يەرلىك ماللار بىلەن بىرلىكتە سېتىلىۋاتقانلىقى ۋە چىندا سوقۇلغان پۇللارنىڭمۇ بازاردىكى سودىدا يەرلىك پۇل بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە بازاردىكى كەمچەنلەر ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان. مەسىلەن:

(1) يۇگۇرگەن — خەۋەرچى، پوچتىچى، چىن سودىگەرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار شەھىرىگە كېلىۋاتقان كارۋانلىرىنىڭ خەت - خەۋەرلىرىنى ئالدىن يەتكۈزىدىغان خەۋەرچى. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 73 - بەت).

(2) باقىر - چىندا قۇيۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ ئىسمى. ئېلىم - سېتىمدا ئىشلىتىلىدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 468 - بەت).

(3) بەنەك - يارماق مىس پۇل (يەرلىك پۇل). («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 501 - بەت).

(4) يارماق - پۇل. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 57 - بەت).

(5) چەلىن - چىنە، فار - فۇر. چەلىن ئاياغ - چىن تاۋىقى، چىنە - تاۋاق. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 506 - بەت).

(6) قىرىقلوم - كەمچەن. قىرىقلوم ساغۇ - بىر خىل كەمچەن، لىق توشقىنى بىر بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 570 - بەت).

(7) چۇزە - زەرباپ، چىندا ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك زەرباپ بېسىلغان يىپەك رەخت. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 426 - بەت).

(8) كىس - چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 427 - بەت).

(9) تەھچەك - بىر خىل چىن يىپىكى. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 622 - بەت).

(10) جىنخىسى - چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل گۈللۈك يىپەك رەخت. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 636 - بەت).

(11) كىمىشكە ـ قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاس. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 638 ـ بەت).

(12) تۈشەكلىك بىر جىن ـ تۈشەكلىك تاۋار. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 662 ـ بەت).

(13) قاپغار ـ زەپىرەڭ يىپەك رەخت ـ يەرلىك رەخت. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 595 ـ بەت).

(14) خۇلىن ـ چىندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل رەڭدار يىپەك رەخت. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 507 ـ بەت).

(15) لوختاي ـ چىنىنىڭ سېرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 303 ـ بەت).

(16) قاچاچ ـ بىر خىل چىن دۇردۇنى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، 414 ـ بەت).

(17) چىت ـ ئالا ـ چىپار گۈللۈك چىن رەختى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 166 ـ بەت).

دېمەك، «دىۋان»دا (قەشقەر)نىڭ 11 ـ ئەسىردىكى يىپەك يولى سودىسىدا مۇھىم ئورۇن بولۇش سۈپىتىدە قەشقەر بازارلىرىدىكى ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا مۇھىم بىر تەرەپ بولغان تۈرلۈك رەختلەرنىڭ مولچىلىقى ۋە خىلمۇخىللىقى، شەرق كارۋانلىرىدىن قىتان ۋە چىن سودىگەرلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن باشقا ماللىرى قاتارىدا تۈرلۈك رەختلىرىنىڭ نامى، رەڭگى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈلگەن. خۇلاسە شۇكى، 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە (قەشقەر) بازىرىدا سېتىلىۋاتقان غەرب ۋە شەرق تاۋارلىرى ۋە يەرلىك تاۋارلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان ھالدا كۆپ بولغان.

**9. «قەدىمكى قەشقەر» (ئەسكىھىسار) شەھرىنىڭ بۈگۈنكى قەشقەر كونا ئوردا رايونىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا**

بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسلىقى تەبىئىي ئاپەت ۋە دىنىي ئۇرۇش تۈپەيلى «قەدىمكى قەشقەر» ۋەيران بولۇپ، بۈگۈنكى كونا ئوردا رايونىنى مەركەز قىلغان شەھەر بەرپا قىلىنغان، دېگەن كۆزقاراش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەقتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەرھۇم ئابلىمىت روزى ئەپەندى توختىلىپ: «... ئەسكىھىسار 11 ـ ئەسىردىكى يەر تەۋرەش ۋە سۇ ئاپىتى سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان...»㉘ دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە كونكرېت مەلۇمات بايان قىلمىغان. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايان قىلىشىچە، 11 ـ ئە-

سىردە كەلگەن دەھشەتلىك كەلكۈندە ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئەتراپلىرىدىكى يارلىق، جىلغىلار شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەر تەۋرەش ئاپىتى سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان، دېگەن كۆزقاراشلارمۇ مەۋجۇت. يەنە بىر ئاساسلىق كۆز قاراش دىنىي ئۇرۇش تۈپەيلى ۋەيران بولغان، دېگەن كۆزقاراش. بۇ كۆزقاراشنىڭ مۇھىم ئاساسى شۇكى، ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادقا ئىگە، بىر مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەن ھەربىي كۈچلىرى «قەدىمكى قەشقەر» (ئەسكىھىسار) شەھىرىنى تالىشىشنى مەركەز قىلغان ھالدىكى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك دىنىي ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇش تۈپەيلى «قەدىمكى قەشقەر» ۋەيران بولغان. بۇ ھەقتە يەرلىك تەزكىرىلەردە تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇلغان. بۇ مەلۇمات مەزمۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 920 - يىلى قاراخانىيلارنىڭ ياش شاھزادىسى سۇتۇق بۇغرا ئەبۇ ناسىر سامانىيىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇزاققا قالماي، تاغىسى (ئۆگەي دادىسى) خاقان ئوغۇلچاقتىن ھەربىي يول بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. ئارقىدىنلا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، «قەدىمكى قەشقەر» (ئەسكىھىسار)، يەركەنت، خوتەن... قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي قوۋملارنى ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ. مىلادىيە 956 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى مۇسا بايتاش تەختكە ئولتۇرىدۇ. خاقان ئوغۇلچاق تەرەپدارلىرى بولغان بۇددا دىنىنىڭ قەتئىي ھىمايىچىلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇشنىڭ تارىخىي پەردىسىنى ئاچىدۇ. بۇ ئۇرۇش بىر مەزگىل «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنى تالىشىش ھالىتىدە بولۇپ، گاھى بۇددىست ئۇيغۇر كۈچلىرىنىڭ قولىغا، گاھى ئىسلام ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. مەسىلەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا بۇغرا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە (مىلادىيە 958 - 956 - يىللار) خوتەننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ھەربىي بۇددىست كۈچلىرى چىكالۇ، خالخال ماچىن، جۇقتى رىشىت، نوكتى رىشىت، ياغلا قالقالۇلار قوماندانلىقىدا تىبەت ۋە قۇچۇلارنىڭ ھەربى ياردىمىگە داۋاملىق ئېرىشىپ، 130 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن بىلەن «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىگە باستۇرۇپ كېلىپ، شەھەرنى ئۇزۇن مۇددەت قورشاپ ئۇرۇشتى. مۇسا بۇغرا، ئەلى ئارسلانخانلار شەھەر مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ ئۇرۇشۇپ، يېڭىھىسار بىلەن ھاراپ ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇقتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدى. ئۇرۇشتا ئىسلام قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، سەئىد ئارسلانخان شېھىت بولدى. «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنى بۇددىستلار ئىشغال قىلدى ۋە سەئىد ئارسلانخاننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى بولغان «قاراقوۋۇق» دەرۋازىسى ئۈستىگە ئېسىپ قويدى. «مەداين»[29] شەھىرىدە تۇرىۋاتقان يۈسۈپ

قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ رايونلاردىكى ئىسلام دىنىي كۈچلىردىنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن 140 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى باشلاپ كېلىپ «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىنى بۇددىست ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. تاكى خوتەن شەھىرىگىچە ئۇرۇشۇپ بېرىپ، خوتەننى ئۇزۇل - كېسىل ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇردى. بۇ تارىخىي جەريانغا 24 يىل كەتتى. قاراخانىيلارنىڭ نۇرغۇن شاھ ئائىلە ئەزالىرى بۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى، بولۇپمۇ سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەڭدە قازا قىلغانلىقى ۋە كاللىسىنىڭ «قاراقوۋۇق» دەرۋازىسىغا ئېسىلغانلىقى يۈسۈپ قادىرخانغا بەك تەسىر قىلدى. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن يۈسۈپ قادىرخان «قەدىمكى شەھەر» (ئەسكىھىسار) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەرگە كىرىدىغان مەخپىي سۇ يولىنى تېپىپ چىقىپ، ئاغزىنى ئېتىۋەتكەن ۋە ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، «قەدىمكى قەشقەر» شەھىرىدىكى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە شەھەر قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ئوت يېقىپ كۆيدۈرىۋەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۈسۈپ قادىرخان غەزەپلىنىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ قېرىندىشىم سەئىد ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك بېشىنى كېسىۋېلىپ، قاراقوۋۇققا ئاسقان سەن بۇددىست ئۇيغۇر كاپىرلىرىنىڭ ئەجدادى ياتقان مۇشۇ قەبرىستانلىقنى تۈزلەپ، دەسسەپ تۇرۇپ تەخت قۇرۇپ ئولتۇرىمەن.» شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبرىستانلىق تۈزلىنىپ، تەخت قۇرۇلغان ئىكەن (بۈگۈنكى كونا ئوردا رايونى). يەنە بىر سەۋەبى، «قەدىمكى قەشقەر» (ئەسكىھىسار) شەھىرىدە كۆپلىگەن بۇدخانىلار بولۇپ، ئاۋام - خەلقنىڭ قايتىدىن بۇددا سېغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىسلام تەلىماتىنى تارقىتىش ئۈچۈن يېڭى كۆچكەن رايونلارغا كۆپلىگەن جامە - مەسچىتلەر سېلىنغان بولۇپ، ئاھالىلار «قەدىمكى قەشقەر»دىن ھازىرقى «كونا ئوردا» دەپ ئاتالغان دائىرە ئىچىگە يۆتكەلگەن. شۇنىڭ بىلەن «قەدىمكى قەشقەر» جايلاشقان ئورۇن دائىرىسى تەدرىجىي خارابلىشىپ كەتكەن. بۇ ئورۇننى ھازىر كىشىلەر «ئەسكىھىسار» دەپ ئاتايدۇ.

ئىزاھات:

① «(دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)تىكى شېئىرىي پارچىلار توغرىسىدا»، «بۇلاق»، 2002 - يىلى 6 - سان، 71 - بەت.
② «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 1985 - يىل 4 - سان، 16 - بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم 512 - بەتكە قاراڭ.
④ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم 626 - بەتكە قاراڭ.
⑤ «قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئومۇمىي بايان» (قەشقەر شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى، 3 - توپلام، ئۇيغۇرچە، 106 - بەتكە

قاراڭ)

⑥ «شىنجاڭ خەرىتىچىلىك تەزكىرىسى تۈزۈلمە قۇرۇلۇشى» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

⑦ «قەشقەر شەھىرى يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

⑧ «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمىي شەھەرلەر»، 1996 - يىللىق «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىغا قاراڭ.

⑨ 1903 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تارىخىي خەمسە شەرقى» ناملىق ئەسەرنىڭ 768 - بېتىگە قاراڭ.

⑩ «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نىڭ 737 -، 1284 - بەتلىرىگە قاراڭ.

⑪ مەرھۇم زەينىل ئابىدىن مەۋلۇۋى داموللا ھاجىم 1996 - يىلى ئالتۇن ئارتۇچتا ۋاپات بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

⑫ سارامپور - ھىندىستاندىكى دىنىي ئۇنىۋېرسىتېت جايلاشقان شەھەر.

⑬ سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى - غەزنىۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، غەزنىۋىلەر سۇلتانلىقى مىلادىيە 961 - يىلدىن 1187 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى مىلادى 1000 - يىللاردىن باشلاپ 1025 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، كۆپ قىسىم رايوننى بېسىۋالغان. شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۇيغۇر سەركەردىلىرىنىڭ 16 - ئەۋلادى دېمەكچى. تەپسىلاتى ئۈچۈن ئەردۇغان مەرچىلىنىڭ «سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ. («بۇلاق»، 2002 - يىل 6 - سان، 31 - بەت)

⑭ «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1996 - يىل 1 - سان، 103 - بەت.

⑮ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 37 - بەتكە قاراڭ.

⑯ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 6 - بەتكە قاراڭ.

⑰ «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمىي شەھەرلەر»، 1996 - يىللىق «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1 - سانىغا قاراڭ.

⑱ «قەشقەر شەھىرى تارىخى ماتېرىياللىرى»، 3 - توپلام، 118 - بەتكە قاراڭ.

⑲ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» (2 - كىتاب)، 268 - بەت (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 - يىل 9 - ئاي نەشرى)

⑳ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرى يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 225 - بەتكە قاراڭ. (1984 - يىل 10 - ئاي نەشرى)

㉑ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2001 - يىل 1 - سان، 115 - بەت.

㉒ «بارگاھ» - موڭغۇل تىلىدا «چېدىر» دېگەن سۆز. «بەرەگىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۆز چاغاتاي تىلىدا «بارگاھ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان... ئۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق ئەسىرىنىڭ 254 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉓ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 1 ـ توپلام (ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى، 1988 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى) مەزكۇر كىتابنىڭ 9 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉔ «سۇي سۇلالىسى تارىخىنىڭ غەربىي ئەل تەزكىرىلىرى» (تۈركىي تىللار دىۋانى، 1 ـ توم 4 ـ بەتكە قاراڭ).

㉕ «قەشقەر شەھىرى تارىخى ماتېرىياللىرى»، 3 ـ توپلام 98 ـ بەتكە قاراڭ.

㉖ ۋ.ۋ.بارتولىد: «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى»، 48 ـ بەت.

㉗ ۋ.ۋ.بارتولىد: «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى»، 48 ـ بەت.

㉘ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 ـ قىسىم 130 ـ بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ. (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى)

㉙ مەدايىن ـ ئىراندىكى بىر قەدىمىي شەھەر.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)

2006 ـ يىللىق 4 ـ سانغا تۈزىتىش

| بەت | يۇقىرىدىن | تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 27 | 5 ـ | | قاتنىخ | قاتنىغ |
| 27 | | 10 ـ | تەڭلىغ | يەڭلىغ |
| 29 | 15 ـ | | ئىگە | ئىكە |
| 30 | 8 ـ | | يەكتا ئىگەمدۇر | ھەيىي ۋۇدۇددۇر |
| 38 | | (ئىزاھات) 2 ـ | تاماق يېيىش | تاياق يېيىش |
| 38 | | 4 ـ | ئالدافۇدەك | ئالداغۇدەك |
| 38 | | 16 ـ | تاتلىغ | تاتلىغ |
| 38 | | 17 ـ | قاتتىغ | قاتتىغ |

مۇندەرىجىنىڭ 2 ـ بېتىدىكى مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: قەيسەر ھامىدىن دېگەن ئىسىمنى قەيسەر دولقۇن، دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

# خەمسە تەلقىنلىرى

توختاسىن جالالوۋ

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامىي پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.

ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان بىر - ئىككى مۇھىم ئەسىرى بولىدۇ، شۇ ئەسەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇ يازغۇچىنىڭ پۈتۈن ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىش مۇمكىن. مەسىلەن: ھومېرنىڭ «ئىلئادا»سى، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى»، شېكسپىرنىڭ «ھاملېت»ى، گېيوتىنىڭ «فائۇست»ى، ل.تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانى شۇ خىل ئەسەرلەردىن بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن دەپ ئۇنىڭ «خەمسە»سىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ①.

ئەلىشىر نەۋائى تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا لىرىكىنىڭ ئۇستازى سانىلىدۇ. ئۇنىڭ مەشھۇر «چاھار دىۋان»ى ئۆزىنىڭ ھەجمى ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىن ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر. «چاھار دىۋان» غەزەللىرىنىڭ بەش ئەسىر داۋامىدا توختىماستىن كۈيلىنىشى نەۋائى لىرىكىسىنىڭ نەقەدەر ھاياتىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نەۋائى غەزەللىرىدىن بىرەرسىنى ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىساق يا بولمىسا كىتابتىن كۆرگەن ھامان دەرھال ئۆز قەلبىمىزدە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئاھاڭداشلىق ھېس قىلىمىز، ئىختىيارسىز باش قىمىرلىتىپ، ئۇنى تەستىقلايمىز. چۈنكى بىز نەۋائى لىرىكىسىدا ئۆز قەلبىمىزنىڭ ساداسىنى ئاڭلايمىز. كىشىنىڭ ئىچكى ئالەمىدە

---

① موھتەرەم ئوقۇغۇچىم! ئىزاھات تەرىقىسىدە سىزگە قولىڭىزدىكى تەلقىنلەرنى سۇنۇشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ بىلىمەن: سىز كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ رىسالە 1938 ـ يىلدا يېزىلغان بولۇپ، 1938 ـ 1941 ـ يىللار مابەينىدە «گۈلىستان» ۋە «ياش كۈچ» ژۇرناللىرىدا بېسىلغانىدى.

«خەمسە تەلقىنلىرى» ـ مېنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تۇنجى قەدىمىمدۇر. مەن بۇ دەرگاھقا ئۇلۇغ بوۋىمىز نەۋائىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ كىرگەنمەن.

يۈز بېرىپ، ئىنسانىي كامالەتكە يەتكۈزگۈچى، بەزىدە يۈرەكنى مۇجۇپ زىدە قىلغۇچى بۇ قارمۇقارشى دەردلەرنى بىز ھەم سېزىمىز. قەلب تىلى بۇ ھالەتنى بىزگە ھېكايە قىلىدۇ. لېكىن ھەرقانداق كىشىمۇ بۇ نازۇك تۇيغۇلارنى شەكىلگە سېلىپ ئىپادە قىلىپ بېرەلمەيدۇ؛ نەۋائى قەلبىمىزگە تەرجىمان بولۇپ، بۇ تۇتقىلى بولمايدىغان، رەڭمۇرەڭ ھېسلىرىمىزنى شېئىرنىڭ ئىپپەتلىك قىزىغا ئايلاندۇرغانىكەن، بىز ئۇنى كونا دوستتەك دەرھال تونۇيمىز. بىزگە تونۇش تۇيغۇلارنى مۇزىكىغا سالغان، كۈيلىگەن سەنئەتكارنى ئالقىشلايمىز.

نەۋائىنىڭ لىرىكا ساھەسىدە ياراتقان ئەدەبىي مەكتىپى بەش ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەدەبىي مەكتەپتىن فۇزۇلى، بابۇر، ئۆمەرخان، فەزلىي، مۇقىمىي، فۇرقەت قاتارلىق مۇكەممەل شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئەدەبىي مەكتەپ، ھەتتا مۇشۇ كۈنگىچە داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. كۆپلىگەن خەلق شائىرلىرى ۋە ياش يازغۇچىلار نەۋائى ئۇسلۇبىدا شېئىر يازغانلىقلىرى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، نەۋائىنىڭ ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئەسىرى ئارىسىدا «خەمسە» ئالاھىدە ۋە پەزىلەتلىك ئورۇن تۇتۇشقا سازاۋەر بىر ئەسەر ۋە مەڭگۈ بۇزۇلماس ئەدەبىي ھەيكەلدۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ، نەۋائىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكار، بۈيۈك دۆلەت ئەربابى ۋە پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئۆز ئالدىغا قويغان ئالىيجاناب ئىدىيىلىرىنى نامايىش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر سەھنىدۇر. «خەمسە» نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ دۇررى — گۆھىرى سانىلىدۇ.

تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىك جەمئىيىتى نېمە ئۈچۈن نەۋائىنى ئىھتىرام بىلەن ئەسلەيدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدە ئىنسانپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سەمىمىي دوستلۇق، چىن ۋە پاك سۆيگۈ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى كۈيلىگەن. پەننى ۋە سەنئەتنى ئۆز ھىمايىسىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت دۇنياسى ھەمىشە نەۋائىغا چىن يۈرەكتىن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپانىڭ ئىلغار ئالىملىرى نەۋائىنى زور ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ، ئۇنىڭغا غايەت يۈكسەك باھا بېرىپ كەلگەن. مەسىلەن: XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەشھۇر فرانسۇز شەرقشۇناس سىلۋېستىر.دې.ساسى نەۋائى ھەققىدە يازغان بىر ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «نەۋائى ھۆكۈمەت كىشىسى ۋە مەشھۇر شائىردۇر. ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىنى سۆيگەن، يازما ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ھىمايىچىسى، شەرقنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا پەخرى ئورۇندا تۇرۇشقا لايىق بىر كىشىدۇر».

XIX ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاۋستىرىيە شەرقشۇناسى ھاممېر ئۆزىنىڭ «پارس بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆزىنىڭ ساخاۋىتى، زاكاۋىتى ۋە سەنئەتكارانە ئىجادى بىلەن ئەدەبىياتتا ئەبەدىيلەشكەن بۈيۈك ۋەزىر ۋە بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا ئەبەدىي ياشىماقتا».

فرانسوز ئالىمى ۋە سىياسەت ئەربابى بېلىن نەۋائىي ھەققىدە يازغان بىر ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا ئوخشاش يالتىراپ تۇرغان نەۋائىي، جامىي، ئابدۇراززاق، مىرخاند، خاندەمىر، دەۋلەت شاھ ۋە باشقىلارنى كۆرگەن زاماننى شەرق ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئالاھىدە پەزىلەتلىك دەۋرى دېيىش كېرەك ئىدى» دېگەن.

نەۋائىينىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە سەۋەب بولغان خىسلەتلىرى خۇسۇسەن «خەمسە»دە روشەن كۆرۈنىدۇ. «خەمسە» ئەرەبچە — «بەشلىك» دېمەكتۇر. بۇ نەۋائىينىڭ ئەڭ چوڭ بەش ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار: «ھەيرەتۇلئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەرى» ناملىق چوڭ داستانلاردىن ئىبارەتتۇر. «خەمسە» ئەللىك بىر مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز (51230) مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ يىرىك مەھسۇلىدۇر.

باشقا كۆپ داھىي سەنئەتكارلارغا ئوخشاش نەۋائىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ سيۇژىتىنى خەلقنىڭ يۈرەك گۆھىرى بولغان فولكلوردىن ئالغان. «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «فەرھاد ۋە شىرىن» شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە ئامما تەرىپىدىن سۆيۈلۈپ كەلگەن ئەپسانىلەر ئىدى. خۇددى شۇ ئەپسانىلەر ئەلىشىر نەۋائىينى يەنىمۇ كۆپرەك قىزىقتۇردى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ بەدىئىي سۆز كارخانىسىدا بۇ ئەپسانىلارنى شۇنداق مېھرى قويۇپ ئىشلىدىكى، ئۇلار ئەفسانىلىقتىن چىقىپ، نەۋائىي دەۋرى ۋاقىئەلىكىنىڭ بەدىئىي مەنزىرىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي:

ئاللا، ئاللا بۇ نە ئەفسانىدۇر؟
كىم بۇنى فەسانە دېسە دىۋانىدۇر.

دەپ قەتئىي ھۆكۈم چىقاردى. يەنىمۇ ئېنىقراقى، نەۋائىي بۇ ئەپسانىلارنى ئۆز ئەدىيىلىرىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن بىر ۋاستە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ:

يازماقدا بۇ ئىشقى جاۋىدانە[1]،
مەقسىدىم ئەمەس ئىدى فەسانە[2]
مەزمۇنىگە بولدى روھ مەيلى،
ئەفسانە ئىدى ئۇنىڭ تۇفەيلى،
لېكىن چۇ رەقەمگە كەلدى مەزمۇن[3]،
ئەفسانە ئاڭا لىباسى مەۋزۇن[4].

---

① جاۋىدانە — ئەبەدى، مەڭگۈ.
② فەسانە — ئەفسانە، ھېكايە، چۆچەك.
③ رەقەمگە كەلدى مەزمۇن — شۇ مەزمۇن قەلەمگە ئېلىندى مەنىسىدە.
④ مەۋزۇن — گۈزەل، كېلىشكەن، چىرايلىق، سەتاڭ.

دېمەك، بۇ ئەپسانىلەر، نەۋائىي تەرغىپ قىلماقچى بولغان ئىدىيىلەرگە گۈزەل لىباسلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، «خەمسە»نىڭ سىيۇژېتلىرىنى نەۋائىيغا قەدەر ئۇلۇغ نىزامىي ۋە خىسراۋ دېھلەۋىلار جاھان ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرگەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا شەرقنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىرى ئارىسىدا «خەمسە» يېزىش ئەنئەنىۋى بىر ھال بولۇپ، ئۇلار شۇ يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكارلىق ئىستېداتلىرىنى سىناشقان ئىدى. ھەقىقەتەن بۈيۈك شائىرلار تەرىپىدىن بىر - ئىككى قېتىم قەلەمگە ئېلىنغان ماۋزۇدا ئەسەر يېزىپ، خەلققە يارىتىش يېڭى ماۋزۇدا ئەسەر يېزىشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىنراق. ئۇلۇغ سەنئەتچىلەر قەلەمگە ئالغان ماۋزۇلاردا ئەسەر يېزىش، ئۇلارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ماھىر سەنئەتچى، چوڭ مۇتەپەككۇر بولۇش كېرەك. شۇندىلا ماۋزۇنى راۋاجلاندۇرۇش، «مۇندەرىجىنىڭ مۇندەرىجىسى»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پەلسەپىۋى تەرەنلىككە ئېرىشىش مۇمكىن بولىدۇ؛ شۇندىلا ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىر - بىرلىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، جىسىملىرى باشقا بولىدۇ؛ شۇ چاغدىلا تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قوش كېزەككە ئوخشىغان بۇ ئەسەرلەر ئۆز تېنى، ئۆز جېنى بىلەن مۇستەقىل ھايات كەچۈرىدۇ. «خەمسە» يازغان شائىرلار ئەسەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن كۆرە ئىچكى مۇندەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى ھايات بېرىشكە ئۇرۇنغان. مانا شۇنداق ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن «خەمسە»چىلەر ئۆز ئىسىملىرىنى ئەدەبىياتتا ئەبەدىيلەشتۇردى. نەۋائىي ئەنە شۇنداق سىمالاردىن بىرىدۇر.

نىزامىي ۋە خىسراۋدىن كېيىن «خەمسە»چىلىكتە ئۆز كۈچلىرىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ شائىرلار ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن ھېچ بىرى بۇ ئىجادىي مۇسابىقىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. شۇلار جۈملىسىدىن مەۋلانە كاتىبىي، مەۋلانە ئەشرەف، مەۋلانە ئەلى ئاھىي، مەۋلانە سۇھەيلى، مەۋلانە ئابدۇللا ھاتىفىي ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مەۋلانە كاتىبىي ئۆز دەۋرىنىڭ غايەت كۈچلۈك شائىرى ئىكەن، نەۋائىي بۇ كىشىنى «ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى»[1] دەپ ماختىغان. بىراق ئەلگە يارىغۇدەك «خەمسە» يېزىش شۇنداق كۈچلۈك شائىرنىڭمۇ قولىدىن كەلمىگەن. يىغىپ ئېيتقاندا «خەمسە» يېزىشقا كۆپلىگەن كىشىلەر ھەۋەس قىلىپ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن يازغان ئەسەرلىرى نىزامىي بىلەن خىسراۋ ياراتقان گۈلدەستە ئالدىدا «خەس» بولۇپ قېلىۋەرگەن. نەۋائىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا:

كۆپ كىشىكىم قىلدى تەتەببۇ ھەۋەس،
سەرۋىگۈل ئوترۇسىدە كەلتۇردى خەس[2].

---

① نەۋائىي، 3 - توم 15 - بەت، ئۆزبېكىستان دۆلەت نەشرىياتى، تاشكەنت، 1948 - يىل.
② خەمسە 12 - بەت، — ئوت - چۆپ، قورۇق، ئەرزىمەس.

ھەقىقەتەن نىزامى ۋە خىسراۋدىن كېيىن بۇ مەيداندا جەۋلان ئۇرۇپ، ھەملە قىلىپ ئابرۇي قازانماق تولىمۇ مۇشكۇل ئىدى. نەۋائى بۇ مۇشكۇللۇكنى بەكمۇ ياخشى چۈشەنەتتى. نىزامىدەك شىرنىڭ پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق ئۈچۈن جەڭگىۋار شىر ياكى بولمىسا يولۋاس بولۇش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ مەسئۇلىيەت ھېسسى نەۋائى «خەمسە»سىدە غايەت گۈزەل ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق.
كېرەك شىر ئالىدە شىرى جەڭگى[1]،
ئەگەر شىر ئولماسا بارى پەلەنگى[2].

بىراق نىزامى ۋە خىسراۋ ئالىلىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، نەۋائى تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئەدەم تەرەپكە» يۈز تۇتقان، شەرقنىڭ داستانلار ژانىرى بولمىش مەسنىۋى بولسا ئىگىسىز قېلىپ، نامى ئۆچكەن بۇ باغدا گۈلمۇ، گۈلنىڭ ھىدىمۇ قالمىغان بىر چاغدا نەۋائى بۇ مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ، نەتىجىدە مەسنىۋى گۈلزارى يەنە ئۆز رەڭگىگە كىرىپ قويۇق پۇراق چاچىدۇ، سۇ ئاققان ئېرىقتىن يەنە سۇ ئاقىدۇ، مەسنىۋىگە قايتىدىن جان كىرىدۇ:

بۇلارچۇن ئەدەم سارى كۆچمىش ئىدى،
دېگىل مەسنىۋى ئاتى ئۆچمىش ئىدى.
ھەم ئول باغ ئارا گۈل يوقۇ، بۇيى ھەم،
قۇرۇمۇش ئىدى ئول ئارىخ سۇيى ھەم.
بىھەمدۇللاھ ئول گۈل تاپىپ رەڭگۇ بۇ،
بىر ئاققان ئارىققا يا نە كەلدى سۇ[3].

نەۋائى پارس يازغۇچىلىرىنى ئۆزىگە ئۇستاز سانايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «خەمسە»نىڭ ھەربىر داستانىنى باشلاش ئالدىدا نىزامى، خىسراۋ ۋە ئۆز زامانداشلىرى جامىلارغا بېغىشلاپ مەدھىيىلەر يازىدۇ. جۈملىدىن ئۇلارنى زور ئېھتىرام بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. خۇددى شۇ ھالنى كۆرگەن بەزى ياۋروپا ئالىملىرى نەۋائىنىڭ ئۇلۇغ ۋە ئورىگىنال سەنئەتچى ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرىدۇ. ئۇلار نەۋائىنىڭ «خەمسە» ۋە «لىسانۇتتەير»دىنى ئورىگىنال ئەسەر ئەمەس، بەلكى پارسچىدىن قىلىنغان تەرجىمە، دەپ قارىغۇلارچە

---

[1] جەڭگى — جەڭگىۋار.
[2] پەلەنگى — يولۋاس، خەمسە — 89 ـ بەت.
[3] خەمسە — 378 ـ بەت.

ھۆكۈم چىقاردى.

ھالبۇكى، بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ سيۇژىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى سيۇژىتقا بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭ قانداق تەپسىر قىلىنىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. جاھان ئەدەبىياتىدا سەييار سيۇژىتلار غايەت كۆپ. دوكتور فائۇست سيۇژىتىدا ئىنگلىز دراماتورگى كرىستوفورمارلو ۋە باشقا نۇنلاپ يازغۇچىلار ئەسەر يازغان. دان جوئەن سيۇژىتىدا مولىر يازغان ئىدى دەپ، بايرون ۋە باشقا يازغۇچىلارنىڭ شۇ سيۇژىتىدا يازغان ئەسەرلىرىنى تەرجىمە دېگىلى بولامدۇ؟! «مىڭ بىر كېچە»دە شېركون ئۆز سىڭلىسى بىلەن تەسادىپ كەلگىنى ئۈچۈن، تولستوينىڭ «فرانسۇئەزە»سى ئۆز قىممەتىنى يوقاتقان بولامدۇ؟

نەۋائى ئۆزى بولسا، سيۇژىتىنى بىر چىمەنزارغا ئوخشىتىدۇ. يازغۇچى بۇ چىمەنزاردا سەير قىلىپ يۈرگەن كىشى بولۇپ، بۇ چىمەنزاردا ئۆزى كۆرگەن ۋە ياقتۇرغان گۈلنى ئۈزىدۇ:

بىراۋكىم، بىر چەمەندە سەير ئەردى،
نېچە گۈل كىم ئاچىلدى، كۆردى، تەردى.

نىزامى ۋە خىسراۋلار ياشىغان دەۋردە، نەۋائى ۋە ئۇنىڭ زاماندىشلىرىغا ماقۇل كېلىدىغان گۈللەر تېخى غۇنچە ھالىدا ئىدى. XV ئەسىردە بۇ سيۇژىت غۇنچىلىرى بەرق ئۇرۇپ، قىيا ئېچىلدى، نەۋائى بۇلارنى غايەت ماھىرلىق ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن تىرىپ بەش گۈلدەستە ياسىدى. نەۋائى «خەمسە» ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتەر ئىكەن، فارس، ئەرەب كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شەرق خەلقلىرى ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرىدىن پايدىلاندى. نەۋائى نىزامى ۋە خىسراۋلارنى ئۇلۇغ سەنئەتكار سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلدى. بىراق، ئۇلارنى بەھرام، خىسراۋغا ئوخشاش زالىم شاھلارغا خۇشامەتچىلىك ۋە مەدداھلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرى «خەمسە» يازغان شائىرلارغا تۆۋەندىكىچە قاتتىق تەئنەلەر قىلىدۇ:

ۋەلې چەككەنلەر ئۇشبۇ جامدىن① راھ،
ساراسەر② بولدىلەر خىسراۋگە مەدداھ؛
كى مۈلكى مۇنداغۇ، ئايىنى③ مۇنداغ،

① راھ — مەي.
② سەراسەر — باشتىن - ئاياغ، پۈتۈنلەي.
③ ئايىن — ئادەت.

سىپاھى ئانداغۇ، تەمكىنى[1] مۇنداغ،
بۇزۇر گۇمىىد ھېكمەت جويى[2] ئانىڭ،
نە ھىكمەتجو خوشامەت گويى ئانىڭ.[3]

ھەقىقەتەنمۇ:

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دېگىنىدەك، ھەمىشە خەلق ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلغان، خەلق مەنپەئىتىنى ھەر-قانداق نەرسىدىن يۇقىرى كۆرگەن ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر ئۈچۈن زالىم، مەئىشەتپەرەس شاھلارنى ماختاش، ئۇنىڭغا مەدداھلىق قىلىش مۇناسىپ ئەمەس. نەۋائى ھەر نەرسىگە خەلق مەنپەئىتى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارايدۇ. ئۆزىنى خەلقنىڭ مۇرەببىيسى دەپ ھې-سابلىغان نەۋائى، قايسى بىر نەرسىنى قەلەمگە ئالار ئىكەن، ئۇنىڭ قانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. «خەمسە»نىڭ تۆتىنچى كىتابى «سەبئى سەييار»نىڭ مۇقەددىمىسىدە نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرى شۇ ماۋزۇدا يازغان نىزامى ۋە خىسراۋ ھەققىدە سۆز ئېچىپ، داھىيانە بىر پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. نىزامى بىلەن خىسراۋنىڭ «خەمسە»لىرىدە بەھرام مەيپەرەس، خوتۇنباز ۋە ئەينى زاماندا چىن گۈزىلى دىلئارامغا «ئاشىق» سۈپىتىدە تەسۋىر قىلىنىدۇ. نەۋائىچە، ھەر كۈن ئونلاپ كېنىزەك-لەر بىلەن ئەيش - ئىشرەت سۈرۈپ بولغانغان بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي ئاشىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مەملىكەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلمىغان، مەيپەرەس، ئەخمەق بىر شاھنى ئىدېئاللاشتۇرۇش نەۋايى پىكرىچە، خەلق ئۈچۈن رەنج (زەخمەت)، پالاكەت كەلتۈرىدۇ:

كىم مۇنىڭدەك ئىكى ۋاھىدى[4] زەمان،
ھەربىر ئۆز ۋەقتىدە فەرىدى[5] زەمان.
بۇيلە نادان ئۈچۈن يازىپ ئەۋساف،[6]
ئاڭا قىلغايلەر ئۆزلەرنى ۋەساف.[7]
مەدھىنى بىھىساب يازغايلەر،

① تەمكىن ــ ئەدەپ، خۇلق، خاراكتېر.
② ھىكمەت جويى ــ ھىكمەتلەر ئىيتقۇچى، مەسلىھەتچى.
③ خەمسە ــ 93 ـ بەت.
④ ۋەھىد ــ يېگانە.
⑤ فەرىد ــ يېگانە.
⑥ ئەۋساف ــ ماختاشلار.
⑦ ۋەساف ــ سۈپەتلىگۈچى، تەۋسىيە، تەرىپ قىلغۇچى.

بەلكى مەۋزۇن كىتاب يازغايلەر.
ھەربىر ئۇل نەزمەدە① كۆرۈپ كۆپ رەنج،②
قىلغان ئۆز «پەنج گەنجى»دە③ بىرگەنج.
ئاللاھ، ئاللاھ نې گەنج④ ئولغاي بۇ؟
سەربەسەر⑤ ئەلگە رەنج ئولغاي بۇ...

نەۋائىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كەسپداشلىرى تەرىپىدىن گەنج (خەزىنە) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ئوبرازلار، نەۋائى ھىمايىسىدە بولغان خەلققە رەنج بولۇپ كۆرۈنىدۇ. دېمەك، نەۋائىدا دېموكراتىك مەزمۇنلار غايەت دەرىجىدە زور.
نەۋائى بۇ ئاجايىپ ئەسەرنى دۆلەت ۋە مەمۇرىيەت ئىشلىرىدىن ئاجرالمىغان ھالدا ئىككى يىلدا يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش شارائىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

قىلىپ تاڭدىن ئاخشامغىچە قىيلۇقال،
يۈزۈڭگە ئېتىپ ھەر زامان يۈز مەلال.
ئۆزۈڭ تىنمايىن خەلق غەۋغاسىدىن،
قۇلاغىڭ خەلايىق ئەلالاسىدىن.⑥

بىز يۇقىرىدا «خەمسە»نىڭ بەش مۇستەقىل ئەسەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. ئەمدى «خەمسە»نى تەشكىل قىلغان شۇ ئەسەرلەر ھەققىدە ئالاھىدە ئايرىم - ئايرىم توختاپ ئۆتەيلى.

## ھەيرەتۇلئەبرار

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

نەۋائى «ھەيرەتۇلئەبرار»دا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا «ھەيرەتۇلئەبرار» نەۋائىنىڭ سىياسىي خىتابنامىسىدۇر؛ «خەمسە»نىڭ باشقا داستانلىرىدا بولسا، ئۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆز نەزەرىيىسى-

---

① نەزم — شېئىر.
② رەنج — مۇشەققەت.
③ بەش خەزىنە، نىزامى ۋە خىسراۋ «خەمسە»لىرىگە كىنايە.
④ خەمسە — 93 - بەت.
⑤ سەربەسەر — پۈتۈنلەي، تامامەن، باشتىن - ئاياغ.
⑥ خەمسە 283 - بەت.

نى ھايات سەھنىسىدە، ھەرىكەتتە كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «ھەيرەتۇلئەبرار» ــ «خەمسە»دە بايان قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى پىكىر- لەرنىڭ قىسقا ــ كانسېپكىسى، ياكى «خەمسە» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل بەدىئىي ئەسەرنىڭ دەسلەپكى پىلانىدۇر.

«ھەيرەتۇلئەبرار» «خەمسە»نىڭ بىرىنچى كىتابى بولۇپ، 7976 مىسرادىن ئىبا- رەتتۇر. نەۋائى بۇ ئەسەرىدە ھايات ۋە ھايات ھادىسىلىرى ھەققىدە ئۆز نۇقتىئىنەزەر- لىرىنى بايان قىلىدۇ.

«ھەيرەتۇلئەبرار»دا ئىلىمنىڭ مەنپەئىتى، سۆيگۈ، ۋاپا، ئادالەت، ساخاۋەت، توغرۇ- لۇق، تىل، شائىرنىڭ ئېغىر ئىش شارائىتى، زالىم پادشاھلار، رىياكار ئىككى يۈزلى- مە شەيخلەر ۋە باشقىلار ھەققىدە ناھايىتى ئىبرەتلىك ھەم تەسىرلىك نەزمىي ماقالەت (سۆھبەتلەر) ۋە ھېكايىلەر بار.

نەۋائى ئەگەر پادشاھ ئادالەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بولسا، مەملىكەت ئاۋات بولۇپ، خەلق ئاسايىشتا ياشايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ:

ئەدل ئىلە ئالەم يۈزىن ئاباد قىل،
خەلق ئىلە ئادەم ئېلىنى شاد قىل!

دەپ پادشاھلارغا خىتاب قىلىدۇ.

بىراق، نەۋائىنىڭ بۇ ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرىگە، ھەتتا ھۈسەين بايقارامۇ ئەمەل قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئەيش - ئىشرەتكە، پىسىق - پاساتلارغا بېرىلىدۇ، خەلققە چەكسىز دەرىجىدە زۇلۇم قىلىدۇ، پارىخورلۇق ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، نەۋائى بۇ ھالدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ماختاشقا ئەرزىيدىغان «زالىم پادشاھلار ھەققىدە»كى ماقا- لىسىنى يازدىكى، بۇ ئەسەر پادشاھلىق تۈزۈمى ئۈچۈن لەنەت تامغىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا، شاھلار بۇزۇقچىلىق ۋە كەيىپ - ساپا بىلەن مەشغۇل بولغان قەسىر پەردىلى- رىنىڭ رىشتى ئەلنىڭ جېنىدىن، بېزەكلىرى خەلق قېنىدىن ئىكەنلىكىنى، خىشلىرى- نىڭ مەسچىت بۇزۇپ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە تاشلىرىنىڭ ئەل قەبرىسىدىن تۇشۇپ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى پەۋقۇلئاددە بىر راستچىللىق ۋە ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

ئەيكى قەۋى[1] ئەيلەدى دەۋلەت قولۇڭ،
زۇلۇم سارى چۇشتى ۋە لېكىن يولۇڭ.

① قەۋى ــ كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك.

* *

قەسركى بەزمە ئاندا مۇھەييا[1] بولۇپ،
زىننەتى فىردەۋسى[2] مۇئەللا[3] بولۇپ،
فەردەلىرى رىشتەسى[4] ئەل جانىدىن،
لەئلىيۇ شىنگەرفى[5] ئۇلۇس قانىدىن،
شەمسەسى[6] ئەل مالى بىلەن زەرنىگار[7]،
ئەل دۇررۇ، لەئلى بىلە گەۋھەر نىگار[8].
خىشتىنى ئەل مەرقەدىدىن[9] يەتكۇرۇپ...

XV ئەسىر مۇنبىرىدە تۇرۇپ بۇنداق ئىسيانكارانە كۆتىرىلىش، پادىشاھلارغا قارشى بۇ قەدەر پاش قىلغۇچى سۆزلەرنى ئېيتىش ئۇچۇن نەۋائىيدەك قورقماس مەرد ۋە خەلقنىڭ جان كۆيەر جانجان دوستى بولۇش كېرەك ئىدى.

«ھەيرەتۇلئەبرار»نىڭ «رىياكار شەيخلەر ھەققىدە»كى بابىمۇ ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن ئۆتكۈر يېزىلغان. نەۋائى، دىن نامىدىن سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن بۇ ھارامخورلار گۆرۈھىدىن ئەڭ ئىپلاس نەرسىدىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىدۇ. خەلق ئا-رىسىغا خۇراپات تارقىتىپ يۈرگەن بۇ رەزىل كىشىلەر تائىپەسىنى شۇنچىلىك يامان كۆردىكى، يامانلىقتا ئۇلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈلىدىغان ھېچ نەرسە تېپىلمايدۇ.

بۇ ئەل ئېرۇر بارچە ياماندىن يامان،
ھەرنە يوق ئاندىن يامان، ئاندىن يامان...

نەۋائى ھەتتا تامۇغ (دوزاق) ئوتىنىمۇ ئۇلارغا نامۇناسىپ كۆرىدۇ:

بىكە تەمۇغ ھەم بۇ نىچە غەشكە[10] ھەيىپ...
ئوت داغى بۇ خەيلى[11] غەلۇەشكە ھەيىپ...

---

① مۇھەييا — تەييار.
② زىننەتى فىردەۋس — جەننەت بېزىكى.
③ مۇئەللا — ئالى.
④ رىشتە — يىپ.
⑤ شىنگەرف — قىزىل.
⑥ شەمسە — ئۆيلەرنىڭ شىپ ۋە پەشتاقلىرىغا قۇياشقا ئوخشىتىپ ئىشلەيدىغان يۇمىلاق شەكىلدىكى نەقىش.
⑦ زەرنىگار — زەرلەنگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن بېزەلگەن.
⑧ گەۋھەرنىگار — گەۋھەر بىلەن زىننەتلەنگەن.
⑨ مەرقەد — قەبرە، زاراتگارلىق، تولۇق.
⑩ غەش — ئىپلاس، بۇلغانغان.
⑪ خەيل — توپ، گورۇھ، رودوپايلار

نەۋائى «خەمسە» يېزىشتەك چوڭ ئىجادىي ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا، ناھايىتى كۆپ توسقۇنلۇقلارغا دۇچار بولغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن ئېيتىپ ئۆتىدۇ. شېئىرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان، ناخشىدىن بەھرى ئالالمايدىغان سۆزلىرى مەزمۇنسىز، تەركىبلىرى ناچار بىر گۇرۇھ مەنىسىز «شائىرلار» نەۋائىغا كۆپ دەخلى يەتكۈزگەن. نەۋائى ئۆزىنىڭ داھىيانە ئەسەرلىرىنى مەيدانغا چىقارغاندا، ئۇنىڭغا ئىھسان ۋە تەھسىن ئوقۇش ئورنىغا، كۆكسىگە جاپا تىغى بىلەن ئۇرۇپ، جېنىدىن جاق تويغۇزغان. نەۋائى ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىز رەقىبلىرىنى ھەجۋى قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ دەستىدىن كۆپ ئازار يېگەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ:

كۆڭلۈمگە كۆپ تىغى جاپا ئۇردىلەر،
دىمە كۆڭۈل، جانىمە يەتكۇردىلەر...

لېكىن نەۋائى سەبات ۋە چىدام بىلەن ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان، دۈشمەنلىرى قانچىكى كۆپ توسقۇنلۇق قىلغانسېرى، ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ سۈپىتىنى شۇنچە ياخشىلاپ، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرغان. چۈنكى نەۋائى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن گۈزەل، چوڭقۇر مەنىلىك شېئىرلارلا خەلقنىڭ ئۆلمەس مۈلكى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. مەنىسىز شېئىرلار بولسا ئەقىللىق ئادەملەر نەزەرىدە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

نەزمىكى مەنى ئاڭا مەرغۇب① ئەمەس،
ئەھلى مەئانى قاشىدا خوب ئەمەس.
نەزمىكى ھەر سۇرەت ئېرۇر خوش ئاڭا،
زىمنىدە مەنى داغى دىلكەش ئاڭا.

«ھەيرەتۇلئەبرار» توغرىسىدا سۆز بولىدىكەن، نەۋائىنىڭ بىباھا كۆڭلى ھەققىدە سۆزلىمەي بولمايدۇ. نەۋائى بۇ كىتابىدا كۆڭۈل تەئرىپىگە مەخسۇس بىر باب ئاچىدۇ. بۇ بابتا كۆڭۈل ۋە ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن رەڭگارەڭ خىزمەتلەرنىڭ يارقىن تەسۋىرىنى بېرىدۇ:

ئەي، كى كۆڭۈل ۋەسفى بەيان ئەيلەدىڭ،
سەن بۇ كۆڭۈلنى نې گۇمان ئەيلەدىڭ؟
گۈلشەنى جىسمىڭ ئارا گۈل غۇنچەسى،
يوقسە گۇمان ئەتمە، كۆڭۈل غۇنچەسى،

---

① مەرغۇب — ياخشى.

گاھ قىلۇر شەمئىگە پەرۋانىلىك،
گاھ پەرى ئىشقىدە دىۋانىلىك،
گاھ ۋىسال ئىچرە بولۇپ ئەيشساز①،
گاھ فىراق ئوتىغا ئېلەپ گوداز...②

..........

دەردۇ بەلا تاغىدە فەرھاد ئولۇپ،
تىرناغى چۇن تىشەئى پۇلاد ئولۇپ.

نەۋائى كۆڭۈل زىممىسىگە چۈشىدىغان ۋەزىپىنى شۇنىڭ بىلەن چەكلەپ قويمى-
دى. تېخى كۆڭۈل زىممىسىدە ئەڭ مۇرەككەپ خىزمەتلەر ۋە بۇ خىزمەتلەردىن پەلسەپى-
ۋى خۇلاسىلەر چىقىرىش ۋەزىپىسى تۇراتتى، يەنى، كۆڭۈل ھەققىدىكى بۇ بابنىڭ يەنە
ئۈچ بۆلۈمچىسى بار ئىدى. بۇلاردا، نەۋائى قەلبى ئارقىلىق تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئا-
رىسىغا ساياھەت قىلىپ، ھەربىر نەرسىگە ئىبرەت نەزەرى بىلەن قاراشقا باشلايدۇ. بۇ
ساياھەتتە كۆرگەن ئاجايىپ ھادىسىلەر ۋە تەسىراتلار نەۋائىغا شۇ قەدەر تەسىر قىلى-
دۇكى، ئۇ، پۈتۈنلەي ھەيرەتتە قالىدۇ. كىتابنىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار» دەپ ئاتىلىشىمۇ
خۇددى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. بەدىئىي ئەسەردە ئاساسىي رولنى ئىنسان ئوينايدۇ.
بىراق شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىنسان ھەمىشە جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت ئارى-
سىدا ياشايدۇ. ئىنساننى جەمئىيەتتىن ئاجرىتىپ بولمىغاندەك، تەبىئەتتىن ھەم ئاج-
رىتىپ بولمايدۇ. غەرب ئەدەبىياتىدا كۆرگىنىمدەك نەۋائى تەبىئەت لەۋھەلىرىنىڭ تەس-
ۋىرىگە ئايرىم رەۋىشتە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، نەۋائى تەبىئەت
گۈزەللىكلىرى ئارىسىدا ئاساسىي ئىدىيىنى يوقىتىپ قويمىغان، ئۇنىڭدا ھەر ۋاقىت
بىر خىل يېتەكچى بولىدىغان ئۇمىدۋارلىق قاراش ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
نەۋائىنىڭ تەبىئەت قوينىغا قەلبەن ساياھەت قىلىشى، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئارىسىغا
كىرىپ ساياھەت قىلىشىغا نىسبەتەن ئالتۇن رەڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بىر تەرەپتىن
ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقى بىلەن ئىنساننى ھەيرانلىققا سالغۇچى
تەبىئەتنىڭ دىلبەر لەۋھەلىرى، ئىككىنچى تەرەپتىن ھۆكۈمدارلارنىڭ ياۋۇزلۇقى،
يىرتقۇچلۇقى نەۋائىنى «ھەيرەت مەيدىن مەست» (ھەيرانلىق شارابىدىن مەس) بولۇشقا
سەۋەب بولىدۇ. نەۋائى بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى، ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى
جەمئىيەت ئارىسىدىكى كۆڭۈلنى بۇزغۇچى مۇدھىش مەنزىرىلەرگە قارشى قويىدۇ. بۇ
ئانتىتېزا، جەمئىيەت ئارىسىدىكى يىرگىنچلىك كەيپىياتنى يەنىمۇ تولۇق تەسەۋۋۇر
قىلىشقا يول ئاچىدۇ.

---

① بۇ مىسرانىڭ مەنىسى — بەزىدە مەھبۇبىغا يېتىشىپ، ئەيش قىلىش دېمەكتۇر.
② گوداز — قويماق.

نەۋائى تەبىئەت لەۋھەلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىگە پەۋقۇلئاددە بىر جۇشقۇنلۇق بىلەن كىرىشىدۇ. بۇ پەيتتە ئۆزىدە زادىلا كۆرۈلمىگەن كۆتۈرەڭگۈ بىر روھ ۋە زوق ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لىرىك بىر چېكىنىش بىلەن ساقىغا خىتابەن ئېيتىدۇ:

سۇبھدۇر، ئەي ساقى، ئېتىپ مېھر فاش،[①]
تۇت ماڭا بىر جام[②] ئىچۈككىم قۇياش.
تاڭ قۇشى چۇن بەردى پەيامى[③] سەبۇھ[④]،
نۇش[⑤] ئېتەيىن بىر ـ ئىككى جامى سەبۇھ،
سۇبھ سەفالىق[⑥] مەيىدىن مەست ئۇلاي،
تاڭ قۇشىگە نالەدە ھەمدەست[⑦] ئۇلاي.
...............
كۆيدى قۇياش ئوتىغە زۇلمەت تۈنى،
ئۇچدى ھەۋا ئۆزرە نۇجۇم[⑧] ئۇچقۇنى،
جىلۋە بولۇپ كەم كېچە تاۋۇسىدىن،
نۇر كېتىپ گۇللەرى كۆزگۈسىدىن.
...............

تەبىئەتنىڭ بۇ رەڭلىك ۋە جىلۋىلىك كۆرۈنۈشى نەۋائىنى چەكسىز ھەيرانلىقتا قالدۇرىدۇ. لېكىن بۇ ھەيرانلىقتىن نېمە پايدا؟

كىم نە دۇرۇر ھەيرەتى بىپايدە،
سەنگە بۇ ھەيرەت بىلە نې فايدە؟

خوش، پايدىلىق نېمە ئىش قىلىش مۇمكىن؟ بۇنىڭغا نەۋائى بەكمۇ ياخشى جاۋاب بېرىدۇ:

سەيرى ھەقىقەتدىن ئۇلۇپ بەھرەۋەر،
ئەيلە بەسىرەت كۆزى[⑨] بىرلە نەزەر!

---

① ئېتىپ مېھرفاش ــ ئىلتىپات ئېتىپ، مەرھەمەت قىلىپ.
② جام ــ جەدەھ، كاسە..
③ پەيام ــ خەۋەر، دېرەك.
④ سەبۇھ ــ تاڭ پەيتىدىكى ئىچكىلىك، مەيخورلۇق.
⑤ نوش ئەتمەك ــ ئىچمەك.
⑥ سەفا ــ تازا، تىنىق.
⑦ نالەدە ھەمدەست بولماق ــ بىرگە سايرىماق.
⑧ نۇجۇم ــ يۇلتۇزلار.
⑨ بەسىرەت كۆزى ــ ئىبرەت كۆزى.

نەۋائىچە، تەبىئەت گۈزەللىكلىرى سەيرىدىن ھەقىقەت سەيرى پايدىلىق ۋە ئەۋزەلرەكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت ئىچىگە كىرىپ، ھەر نەرسىگە ئىبرەت كۆزى (ئىبرەت ۋە ئاڭ كۆزى) بىلەن قاراش كېرەك. بىراق، نەۋائى ئۆز جەمئىيىتىگە نەزەر سېلىپ نېمىنى كۆردى؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قەھرى - غەزەپ، تىغىدىن قان ۋە زەھەر تامچىۋاتقان جاللاتلار، ئىنسان قېنىنى مەي ئورنىدا ئىچكۈچى يىرتقۇچ پادىشاھلار سەپ تارتىپ ئۆتۈشىدۇ. نەۋائى بۇ يىرتقۇچ ھالىتىگە كەلگەن شاھلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى مۇدھىش سۈرىتىنى سىزىدۇ:

جۇملەئى ئالەمگە ئىشى قەھر ئولۇپ،
ئاچچىغىدىن باشدىن - ئاياغ زەھر ئولۇپ،
تىغ سالىپ ھەر سارى ئاچچىغىدىن،
قان دېمەكىم زەھرى تامىپ تىغىدىن،
ئەل باشىنىڭ كاسەسىدىن جام ئاڭا،
مەي ئورنىدا قان بولۇپ ئاشام ئاڭا.

مانا شۇ مۇدھىش ۋە ئىپلاس مەنزىرىلەر نەۋائىنى چەكسىز غەم ۋە ئەندىشىلەرگە سالىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ قانخور جاللاتلار ئارىسىدا يالغۇز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ:

غۇربەت ئوتى ھەر دەم ئولۇپ شۇئلەزەن[①]،
تۇشتى خەيالىگە ھەۋايى ۋەتەن.

«ھەيرەتۇلئەبرار»نىڭ ۋاپا ھەققىدىكى بابىمۇ ئوقۇغۇچىنى پۈتۈنلەي ھەيرانلىقتا قالدۇرىدۇ. ھەقىقەتەن، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ بىرى ۋاپادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائى بۇ پەزىلەتنى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەرلەردىنمۇ ئېسىل، ئەتىۋار ۋە قىممەتلىكرەك، دەپ ھېسابلايدۇ:

ھەرنە جەۋاھىركى خەيال ئەيلەگەي،
جەۋھەرىنى ئەقىل سەۋال ئەيلەگەي،
يۈز تاپىلۇر، بىر دېسە بۇ قان ئارا،
يۈز دېسە، مىڭ ئاڭا بۇ ئۇممان[②] ئارا.

---

① شۇئلەزان — شولا چۈشكەن، نۇرلانغۇچى.
② ئۇممان — دېڭىز.

غەيرى ھەم ئۇل دۇركى جاھانتاب[1] ئېرۇر،
كىم بۇ دېگىز قەئرىدە ناياب ئېرۇر،
بىردۇر ئەگەر ئەيلىسە زاھىر جەمال،
ئىككىسى جەم ئۇلماق ئەمەس ئېھتىمال.
سورسا ئاتىن ئەھلى سەفا جەۋھەرى،
ئاھ چېكىپ دېدىكى ــ ۋاپا گەۋھەرى.

مادامىكى، «ۋاپا گەۋھىرى» بۇ قەدەر ناياب (ئەتىۋار) ۋە بۇ قەدەر بىباھا ئېكەن، بەس، ئۇ ھالدا بىۋاپالارنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟

ياركى ئايىن[2] ۋاپا يوق ئاڭا،
شەمئى كەبىدۇركى زىيا[3] يوق ئاڭا.
شەمئىكى يوق ئاندا زىيا تۆشەسى،
ئۇتىسىز ئېرۇر ئۇيلەكى مۇز شۇشەسى.

ۋاپالىق يار تېپىش شەرىپىگە ئېرىشكەن بىر گاداي، نەۋائىنىڭ پىكرىچە جاھان شاھلىرىدىن بەختىياردۇر:

جۇملە جاھان شاھلىرىدىن ئارى بار،
كىمكى گەدادۇر، داغى بىر يارى بار.

نەۋائى، ۋاپانىڭ پايدىسىنى ۋە شاراپىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۇدھىش بىر ۋاقىئەنى ھېكايە قىلىدۇ، بۇ شۇندىن ئىبارەت: ئەمىر تېمۇر كۆپ مەملىكەتلەرنى فەتھ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز جاھانگىرلىكىنى داۋام قىلدۇرۇپ، ھىندىستان ئۈستىگە قوشۇن تارتىدۇ. ھىندى خەلقى ھەرقانچە قەھرىمانلىق بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىسىمۇ، تېمۇر قوشۇنىنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا تاق كېلەلمەيدۇ، ئاخىرىدا تەسلىم بولىدۇ. بىراق، قانخور تېمۇر ھىندى خەلقىنى گۇناھكار ساناپ، ھەممىنى باراۋەر ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىلىدۇ. قۇترىغان ئەسكەرلەر ياش ــ قېرى، خوتۇن ــ باللارنى بىر

① جاھانتاپ ــ جاھاننى يورۇتقۇچى.
② ئايىن ــ ئادەت، پېئىل.
③ زىيا ــ نۇر، يورۇغلۇق.

باشتىن قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. توساتتىن بىر يىگىت خوتۇنى بىلەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەسكەرلەر يىگىتنى ئۆلتۈرىمىز دەپ قىلىچ كۆتۈرگەندە، خوتۇنى مېنى ئۆلتۈرۈڭلار دەپ، ئۆز بوينىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرىدۇ. ئەكسىنچە، خوتۇنىنىڭ بېشىنى كېسىمىز دەپ قىلىچ كۆتۈرگىنىدە يىگىت پەرياد قىلىپ، ئۇنى قويۇپ، مېنى ئۆلتۈرۈڭلار دەپ، بويىنىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرىدۇ.

نەۋائى تىلى بىلەن ئېيتقاندا:

بەزل[1] قىلۇرلەر ئىدى بىر ـ بىرىگە باش،
باشلىرىگە تىغ ئۇچۇن ئېردى تالاش.

بۇ ھالدىن تەئەججۇپلەنگەن ئەسكەرلەر، ۋاقىئەنى تېمۇرگە ئېيتىدۇ. بۇ خىل مىسلىسىز ۋاپادارلىق تېمۇرنىڭ تاش قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ھەم ئۇلارنى، ھەم ھىندى خەلقىنى ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ ھېكايىدىن چىقىدىغان خۇلاسە ناھايىتى روشەن:

نەۋائى ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىكى جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەملىكىگە دالالەت قىلىدۇ. مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان جەمئىيەتلەر، يالغۇز ئىقتىساد ۋە سىياسەتتە ئەمەس، بەلكى ئائىلىۋى جەھەتتىنمۇ چىرىپ يىمىرىلىدۇ. ئۇنداق ئائىلىلەردە ئەر بىلەن خوتۇن، ئاتا بىلەن ئوغۇل ئارىسىدا سەمىمىيەت، شەپقەت ۋە پىداكارلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇلى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. نەۋائى شۇ ئۇلنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنى تۈزەتمەكچى بولىدۇ. بىراق، ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى، يەنى فېئودالىزم ھېچقانداق دورا ـ دەرمەك بىلەن تۈزەلمەيدىغان مەرەزگە مۇپتىلا ئىدى.

نەۋائى ئارزۇ قىلغان مۇستەھكەم ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە پىداكارلىق بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە ئوخشاش ساغلام ۋە بەردەم جەمئىيەتتىلا بولۇشى مۇمكىن. XV ئەسىردە كەم ئۇچرايدىغان «ۋاپا گەۋھىرى» ياشلىرىمىزنىڭ پەزىلىتى بولۇپ قالغۇسى. «ھەيرەتۇلئەبرار»نىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جەھەتلىرى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

(داۋامى بار)

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت ياقۇبى)

---

[1] بەزل ــ بېغىشلاش، ھەدىيە قىلىش.

# نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تۈركمەن كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە

مۇنەۋۋەر ھەببۇللاھ

15 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك شائىر، جامائەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يۈكسەك ۋە پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدىغان شانلىق نامايەندە. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ 15 ـ ئەسىر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىيات ساماسىدىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋائى ئەسەرلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۆز زامانىسىدا، تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئەلىشىر نەۋائىنى ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ پىر ـ ئۇستازى بىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالدى، تەقلىد قىلدى. نەۋائى ئەسەرلىرى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى قاتارىدا كۆرۈلۈپ، مەيلى دەرسلەردىكى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتىكى شېئىرىيەتچىلىكتە بولسۇن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆلچەم ۋە ئەندىزە قىلىندى. نۇرغۇنلىغان شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆلگە قىلىشنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزلىرىگە مودا ۋە بۇرچ قىلدى، دېمەك، ئەلىشىر نەۋائى پۈتكۈل يىپەك يولى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۈيۈك تارىخىي شەخس بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، يالغۇز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ غايەت زور ھەسسىلەرنى قوشقان تۆھپىكار ئەجدادتۇر.

شۇ جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي مىللەتلىرىدىن بولغان تۈركمەن خەلقىنىڭ شائىرلىرىمۇ ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرغان، بۇ ھەقتە 1993 ـ يىل تۈركمەنىستان «رۇخ» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۈركمەن شېئىرىيىتىنىڭ دۇردانىلىرى» ناملىق كىتابتا 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن تۈركمەن شائىرلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، ھەرقاچان ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئالغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۈركمەن شائىرى موللا نەفەسى ھەققىدە: «... ئاتىسى نەفەسنى دەسلەپ مەرۋىدە، كېيىن بولسا، بۇخارا مەدرىسەسىدە ئوقۇتىدۇ. ئۇ خۇسرەۋ

دېھلەۋىي، جالالىددىن رۇمى ۋە ھافىز شىرازى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن، پارس تىلى ئۆگىنىدۇ... ئىجادىيەتتە ئۇ ھامان نەۋائى، فۇزۇلى ۋە سەييادىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۈلگە قىلاتتى» دەپ يېزىلغان. «تۈركمەن شېئىرلىرىنىڭ دۇردانىلىرى»دا يەنە 18 - ئەسىر تۈركمەن شائىرى سەييىدى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە:«... ئۇ بۇخارا مەدرىسەسىدە ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا، ھىراتلىق نەۋائىنىڭ ۋە كەركۈكلۈك فۇزۇلىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ» دەپ بايان قىلغان. مانا بۇلاردىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۈركمەن شائىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە قانچىلىك زور ۋە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، ئەلۋەتتە. تۈركمەن شائىرلىرىنىڭ ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىن مول ئوزۇق ئالغانلىقىنى 18 - ئەسىر مەشھۇر تۈركمەن شائىرى مەخدۇمقۇلى فەراغىينىڭ ئىجادىيىتىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، تۈركمەن خەلقىدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مەخدۇمقۇلى فەراغىي تۈركمەن شېئىرىيىتىنىڭ پىرى، تۈركمەن ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ۋە بايراقدارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يۈكسەك شان - شۆھرەتكە ۋە ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتتۇر. شېئىرلار توپلىمى رۇس، پارس، تۈرك، ئوردۇ، ئىنگلىز ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان مەشھۇر شائىر مەخدۇمقۇلى گەرچە ئەلىشىر نەۋائى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان شائىر بولمىسىمۇ بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئوتتۇرىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاسانلا بايقىۋالىمىز. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەلىشىر نەۋائى ۋە مەخدۇمقۇلى ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، دۇنيا قارىشى مۇرەككەپ ھەم كۆپ قاتلاملىق جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. ئۆسمۈر ۋاقتىدا، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى ۋە ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق پېشىۋالارنىڭ سوپىزملىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىدە يەنىلا ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، تۇرمۇشقا، خەلققە بولغان مۇھەببىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بىز مەخدۇمقۇلى ئەسەرلىرى بىلەن نەۋائى ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق ئۇلاردا كۆرۈلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە ئالغا سۈرۈلگەن پىكىر قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىقلاردىن نەۋائىدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىنكى زاماندا ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر مەخدۇمقۇلىنىڭ ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىن مول ئوزۇق ئالغانلىقىنى پەملىيەلەيمىز. مەسىلەن، نەۋائى:

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىڭكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

يېشىمى: ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان ئا-

دەمنى ئادەم دەپ ھېسابلىما.

مەخدۇمقۇلى:

تەۋەككۇل ئەت خەلققە سىررىڭ بەرىپ بار،
سەبىر ئەيلەگىل، بىسەبىرلىك ھەم بىكار...

يېشىمى: خەلققە سايە بول، ئۇلار بىلەن سىرداش. سەۋر ـ تاقەت قىل، تاقەتسىز ـ لىك پايدىسىزدۇر.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ ئىككى شېئىردا، ئوخشاشلا ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقنى سۆيۈش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن.

نەۋائى:

شاھكى ئىشى ئەل ئىلە بۇنياد ئېتەر،
ئەل بۇزۇغ مۇلكى نە ئاباد ئېتەر.

يېشىمى:

پادشاھنىڭ ئىشى ئادالەت بىلەن راۋاج تاپىدۇ، ئادالەت ۋەيران بولسا، مەملىكەتنى قانداقمۇ ئاۋات قىلغىلى بولىدۇ؟

مەخدۇمقۇلى:

راخمەتىڭ ئىشكى ئارىدىن ئاچىلسىن،
نۇرۇڭ ئىنىپ يەر يۈزىنە ساچىلسىن،
غىبار گۆچسۈن ئەلىم گردى قاچىلسىن،
رەھم ئەيلەيىپ ياغمىر ياغدىر سۇلتانىم.

يېشىمى: ئى، پادشاھ! رەھمەت ئىشىكىڭنى ئاچقىن، نۇرۇڭ يەر يۈزىگە چېچىلسۇن، رەھىم قىلىپ يامغۇر ياغدۇرغىن، زېمىندىن دەرد ـ ئەلەمنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن!

بۇ ئىككى شېئىردا بولسا، شائىر مەخدۇمقۇلى بىلەن ئەلىشىر نەۋائى ئوخشاشلا مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچى پادشاھلار ئادالەت بىلەن ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ـ نىڭ روناق تاپىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بىر قاتار رۇبائىيلىرىدا، خەلقنىڭ غەم ـ قاي ـ غۇسى، ھەسرەت ـ نادامىتى، ھايات تەشۋىشلىرى، ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا كې ـ لىۋاتقان ـ ئوقۇبەت قاتارلىقلار بايان قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، شائىرنىڭ كەسكىن ۋە مەردانە پىكىرلىرى ئارقىلىق، بۇ خىل جەمئىيەت ھادىساتلىرىغا نىسبەتەن مەردانە ـ لىق ۋە شىجائەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ، زۇلۇمغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش مەپكۇرىسى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

نەۋائى:

گەردۇنكى ئانىڭ جەۋرىدىن مەملۇ غەمدۇر،
ھەربىر غەمدە يۈز ئىبتىدا مۇدغەمدۇر.
دۇنيادىكى ئەل نەۋھەسى زىرۇ بەمدۇر،
ھەر زاۋيەسى ئانىڭ تولا ماتەمدۇر.

يېشىمى: جاھان غەم بىلەن لىق تولغان. ئۇنىڭ بىر غېمى يەنە يۈز غەمنى باشلاپ كېلىۋاتقان، خەلقنىڭ نالە ـ پەريادى ھەممە يەرنى قاپلىغان، دۇنيانىڭ پۈتكۈل بۇ-لۇڭ ـ پۇشقاقلىرىمۇ ماتەم بىلەن تولغاندۇر.

ھەم مۈلك بىلە ئەدل جىھاتى بولمىش،
ھەم ئەدل بىلە مۈلك سەباقى بولمىش.

يېشىمى: مەملىكەتتە ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا، مەملىكەتتە ئادالەت ئورنىتىلىپ، مەملىكەت تىنجىيدۇ.
ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ ئىدىيىسى شائىر مەخدۇمقۇلى شېئىرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپا-دىسىنى تاپقان. ئالايلۇق:
مەخدۇمقۇلى:

ھەربىر بىزنىڭ زەماندا،
يامان سۆزلەر زەباندا.
زۇلۇم ئىشلەر جىھاندا،
چۇشدى دەيىپ ئاغلارىن.

يېشىمى: ھەي... بىزنىڭ زامانىمىزدا ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزىدا يامان سۆزلەر، جاھاننىڭ ھەممە يېرى زۇلۇمغا تولغان، دەپ يىغلايمەن.

گۆدۇڭ فەلەكىڭ ئويۇنۇن،
ئۈزەر ئەلەمىڭ بوينۇن؛
نى جانلار يەر قوينۇن،
قۇچتى دەيىپ ئاغلارىن.

يېشىمى: پەلەكنىڭ ئويۇننى كۆرۈڭكى، دەرد ـ ئەلەم ئادەمنىڭ بويننى ئۈزۈۋې-تىدۇ، «نى ـ نى ئادەملەرنى زۇلۇملۇق زېمىن يەپ كەتتى» دەپ يىغلايمەن.

مەخدۇمقۇلى ئاياما جان،
بەلىڭ قوشا، گىي غەزەپ دون؛

ھەددىدىن ئاشىدى بۇ زالىم جان،
ئاخىر تور قۇرمالى بولدى.

يېشىمى: ھەي، مەخدۇمقۇلى! جېنىڭنى پىدا قىل، بېلىڭنى مەھكەم باغلا، غەزەپ تونىنى ئۈچاڭغا كىيگىن. بۇ زالىم خان بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلدى ـ دە.

مانا بۇ شېئىرلاردا بولسا، مەخدۇمقۇلىمۇ خۇددى ئەلىشىر نەۋائىيغا ئوخشاشلا پىكىر قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

يەنە سېلىشتۇرساق، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن رۇبائىيلىرىدا سەمىمىيلىك، ۋاپادارلىق، لاتاپەت ۋە پىداكارلىق قاتارلىق سۆيگۈ گۈزەللىكلىرى ئۆزىگە خاس پاساھەت بىلەن تويۇندۇرۇپ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يوق ئاغزىدىن نۇكتە ئايتۇر مەھۋەشىمدەك بولماغاي،
گەر قۇياش ھەر زەررەسىدىن بىر مەسىھا ئەيلەسە.

يېشىمى: مېنىڭ گۈزەل يارىمنىڭكىدەك چىرايلىق سۆز قىلىدىغان ئېغىز يوق، قۇياش ھەربىر زەررىسىدىن ھەرقانچە ھايات بەخش ئەتمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

كۆزۈڭ نەرگىس، ئۇزارىڭ گۈل، قەددىڭ سەرۋى، ساچىڭ سۇنبۇل،
بۇزۇغ كۆڭلۈم خەيالىدىن بۇلارنىڭ تۇرفە باغ ئولمىش.

يېشىمى: كۆزۈڭ نەرگىس گۈلىدەك سېھىرلىك، چىرايىڭ گۈلدەك چىرايلىق، قەددى ـ قامىتىڭ سەرۋى دەرىخىدەك لاتاپەتلىك، چېچىڭ بولسا، سۇنبۇلدەك يارىشىملىق. مانا بۇلارنى ئەسلىسەم، ۋەيرانە كۆڭلۈم گۈزەل باغقا ئايلىنىدۇ.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەخدۇمقۇلى فەراغىيمۇ ئۆز شېئىرلىرىدا مۇشۇنداق ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

كۆزى نەرگىس، بويى شەمشات،
كىرپىكلىرى مىسلى پولات.
پەرى پەيكەر، سەرۋى ئازاد،
دەسسە ـ دەسسە گۈلە مەڭزەر.

يېشىمى: كۆزى نەرگىس گۈلىدەك گۈزەل، بويى شەمشات دەرىخىدەك سۇباتلىق، كىرپىكلىرى دىلىڭ ـ دىلىڭ مەزمۇت. ئۆزى پەرىزاتتەك كېلىشكەن، قامىتى سەرۋى دەرەخىدەك يارىشىملىق، بەئەينى دەستە ـ دەستە گۈلنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدۇ.

كۆيەن يوق بۇ دۇنيادا مەنچە،
دىدار گۆرمەك يوق دۇيۇنچە.

دىشلىەرى دۇر، ئاغزى غۇنچە،
بەلى ئىنچە قىلا مەنزەر.

يېشىمى: بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا مەندەك كۆيگەن ئادەم يوق؛ ئۇنىڭ دىدارىغا قاراپ تويـ-مايمەن؛ ئۇنىڭ چىشلىرى دۇر ـ مەرۋايىتتەك، ئېغىزى گۈل غۇنچىسىگە ئوخشايدۇ.

تەتقىقات بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، مەخدۇمقۇلى فەراغىينىڭ شې-ئىرلىرىدىمۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىكىدەكلا كۈچلۈك مىللىي روھ جۇلالاپ تۇرغانلىقىنى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئانا يۇرت ـ دىيارنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنىڭ بەرق ئۇرۇپ جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى روشەن ھېس قىلىمىز، ئالايلۇق:

نەۋائىي:

غۇربەتتە غەرىب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفىيقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىل گۈل بۇتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

يېشىمى: مۇساپىرچىلىقتا مۇساپىر ئادەم شاد ـ خۇرام بولمايدۇ؛ ياقا يۇرتنىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئالتۇن قەپەسنىڭ ئىچىدە قىزىل گۈل ئۈنگەن تەقدىردىمۇ، بۇلبۇلغا ئۇ تىكەنچىلىكمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

مەخدۇمقۇلى:

مەستانا يۇرۇنچەك غەيرى يۇردۇندا،
ئۇنۇپ ئۆسەن ئۆز يۇردوڭدان ئايرىلما.
ماغرۇر كەكلىكدەي نەفسىڭ ئۇغرۇڭدا،
داما دۇشۇپ قاناتىڭدان ئايرىلما.

يېشىمى: خەقنىڭ يۇرتىدا ئەلەڭ ـ سەلەڭ يۈرگىچە ئۆزۈڭنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭدىن ئايرىلمىغىن؛ مۇساپىرچىلىقتا، خۇددى گال ـ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ تۇزاققا چۈشۈپ قالغان كەكلىككە ئوخشاش قول ـ قانىتىڭدىن ئايرىلىپ قالمىغىن.

ئەلىشىر نەۋائىي ۋە مەخدۇمقۇلى ئەينى دەۋردە سۇفىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، روشەن ھالدا تەركىدۇنياچىلىققا قارشى پوزىتسىيە تۇتقان.

نەۋائىي:

بەس نېدۇر ئول غەمدىن ئۆلۈپ دەردناك،
ئۆزنى ئۆكمەكتىن بۇرۇن ئېتمەك ھەلاك؟

يېشىمى: بولدى بەس، غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆلمەي تۇرۇپ، ئۆلۈكتەك ياشاپ نېمە

قىلىدۇ؟
مەخدۇمقۇلى:

ئاسلا سېنى گۆرمېمىشىم دىلدارىم،
گومدۇمۇ سېن، بىلبىلمىسېن، نەمېسەن؟

يېشىمى: ئەي دىلدارىم، سېنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىدىم، سەن دەمدەمۇ، بۇلبۇلمۇ، زادى نېمە سەن؟

ئانقا سىپات «ھۇۋ» دېيىپ ئاسمان ئۇچان قۇش،
گىجېسى تىرىكدىر، گۈندىزى بىھۇش،
مېنىڭ ساھىبجېمالدىمى گۆردىگمى؟

يېشىمى: كۈندۈزى بىھۇش، كېچىسى تىرىلىپ، ئەنقاغا ئوخشاش «ھۇۋ» دەپ ئاسمانغا ئۇچقان قۇش، مېنىڭ ساھىبجامالىمنى كۆردۈڭمۇ؟

«ئانقا» (ئەنقا) دېگەن قۇش توغرىسىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىدە قاپ تېغىنىڭ چوققىسىدا ياشايدىغان، ھەممە قۇشلارنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

مۇشۇنداق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارساق شۇنىسى مەلۇم بولىدۇكى، مەخدۇمقۇلى فەراغىي قاتارلىق تۈركمەن شائىرلىرى ئۆز زامانىسىدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پېشىۋا تىل ئۈستىسى بولغان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋە بېرىلىپ تەتقىق قىلغان بولغانلىقى ئۈچۈنلا، پىكىر - تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە سۆز - كەلىمىلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ شۇ قەدەر ئوخشاش بولغان نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەندۇر. مانا بۇ ھال ئەمەلىيەتتە، ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئەينى زاماندا تۈركمەن كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ۋە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى.
2. ئامان شىخنېپەس: «ماغتىمقۇلىنىڭ ئەلىمى»، ئاشخابات، 1994 - يىل «د.ب.رېجېپ - خان» نەشرىياتى.
3. رومانقولى مۇستاكوۋ: «ماغتىمقۇلىنىڭ پوئېزىياسىندا قارىمى گۈندغارىڭ مېفلىرى»، «رۇخ» نەشرىياتى، 1994 - يىل، ئاشخابات.
4. «ماغتىمقۇلى سايلانان ئەسەرلەر»، ئاشخابات، 1983 - يىلى، «نائۇكا» نەشرىياتى.


(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا، دوتسېنت، دوكتور)

# تۈركىي تىللىق «خەمسە» توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر

نەۋائى ئىجادىي مىراسىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىن بولغان «خەمسە»نىڭ قوليازما، تاشباسما، مىخ مەتبە نۇسخىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، جۈملىدىن رايونىمىز شىنجاڭدا ياشىغۇچى خەلق ئارىسىدا يىللاردىن بېرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، قولدا كۆچۈرۈلۈپ، مەكتەپلەردە (مەدرىسەلەردە) دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىلىپ، ئائىلىلەردە تەربىيە دەستۇرى قىلىنىپ ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندە نەۋائىنىڭ تۈركىي تىللىق «خەمسە»سى توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات بېرىمىز.

## 1. «ھەيرەتۇل ئەبرار»

«خەمسە»نىڭ 1 - داستانى «ھەيراتۇل ئەبرار»(ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى) دىداكتىك خۇسۇسىيەتكە باي، پەلسەپىۋى پىكىر - مۇلاھىزىلىرى ئىنتايىن چوڭقۇر، تەلىم - تەربىيە خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، باش تېما بىرەر ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرتىپ بىلەن بايان قىلىنغان بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، ئوي - پىكرى، لىرىك ھېسسىياتى ۋە لىرىك تەسۋىرى، شۇنداقلا تۇرمۇشتىن ئالغان بىۋاسىتە تەسىراتى ۋە ئۇنى ئاممىبابلاشتۇرۇپ بايان قىلغان مۇلاھىزىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقالاتلارنى ئاساس، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ دەلىلى بولغان ئىپىك ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان ھېكايەتلەر ۋە مەسەللەرنى قوشۇمچە بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان داستان بولۇش سۈپىتىدە «خەمسە»دىكى باشقا داستانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنى نەۋائى ھىجرىيە 888 - يىلى (مىلادىيە 1483 - يىلى) يازغان. شائىر بۇ توغرىلىق مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ:

ھەيرەتى ئەبرار كۆرۈپ زاتىنى،
«ھەيرەتۇل ئەبرار» دېدىم ئاتىنى.
نۇكتەئى تارىخكى ئەھسەن ئىدى،
سەككىزۇ سەككىز يۈزۈ سەكسەن ئىدى.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» 63 باب، 3951 بېيىت (7902 مىسرا)تىن تەركىب تاپقان، مۇقەددىمە، ئاساسى قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن بىرىككەن (نەشر نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا 657 سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن لۇغەت قوشۇمچە قىلىنغان) چوڭ تىپتىكى داستان.

«ھەيرەتۇل ئەبرار»داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى 1046 بېيىت (2092 مىسرا)دىن تەركىب تاپقان. بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلار 21 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ 9 باب مەدھىيە، 4 باب مۇناجات، 5 باب نەئىت، 3 باب ھەيرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق قىسمى 2728 بېيىت (5456 مىسرا)دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار 40 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان. داستانىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى 40 بابنىڭ ئالدىنقى 20 بابى نەۋائىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئادەمىيلىك، ۋاپادارلىق، ئەدەب - ئەخلاق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ئۈستىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىلىرى بايان قىلىنغان مەقالات، بۇنىڭغا ئەگەشكۈچى كېيىنكى 20 باب بولسا يۇقىرىدىكى 20 بابتا بايان قىلىنغان پىكىر، مۇلاھىزە ۋە دەۋەتلەرنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان كونكرېت ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە مەسەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ 3 - چوڭ بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى خاتىمە قىسمى 2 باب، 177 بېيىت، 354 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»نى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىنكى كەمتەرلىك بىلەن بايان قىلغان ئۆزرەلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەردىن كۈتىدىغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## 2. «فەرھاد ۋە شىرىن»

«خەمسە»نىڭ 2 - چوڭ داستانى «فەرھاد ۋە شىرىن» شەرق ئەللىرى ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئەزەلدىن بېيىتىپ كەلگەن ۋە مەڭگۈگە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىمىزدا نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرۇۋدىغان، قەدىمدە ئەل ئارىسىغا رىۋايەت ۋە چۆچەك شەكلىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان «خۇسراۋ ۋە شىرىن»نىڭ ۋەقەلىكىنى مەنبە قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان مۇھەببەت داستانىدۇر.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى نەۋائى مىلادىيە 1484 - يىلى (ھىجرىيە 889 - يىلى) يازغان بولۇپ بۇ توغرىلىق داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

چۇ تارىخى يىلىن ئەيلەي دېدىم تۈز،
سەككىز يۈز سەكسەن ئېردى داغى توققۇز.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى 54 باب، 5780 بېيىت (11560 مىسرا)دىن تەركىپ تاپقان بولۇپ مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن بىرىككەن (نەشر نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا 484 سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ سۆزلۈكلەر لۇغىتى قوشۇمچە بېرىلگەن) زور ھەجىملىك مۇھەببەت داستانىدۇر.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى 644 - بېيىت (1288 مىسرا) دىن تەركىپ تاپقان. بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلار 11 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەمدۇسانا، نەئىت، مەدھىيە، پەند - نەسىھەت، ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، ئەسەر باش پېرسوناژلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە خاس خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىش سەۋەبى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى 2 - بۆلىكى 4914 بېيىت (9828 مىسرا)تىن تەركىپ تاپقان. بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار 41 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، يىراق قەدىمكى زاماندىن تاكى ھازىرقى دەۋرگىچە بولغان ساۋاتسىز ۋە ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق بولغان، مەنىۋى دۇنيايىمىزدا ياشاۋاتقان ۋە مەڭگۈ ياشاش زېمىنى ھازىرلىغان شاھزادە فەرھادنىڭ دۇنياغا كېلىشى، بىلىم، ھۈنەر ۋە ماھارەتتە كامالەتكە يېتىشى، گۈزەل مەلىكە شىرىنغا ئاشىق بولۇشىدىن تارتىپ شىرىن ۋىسالىنى ئىزدەش جەريانىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر، فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ دىدارلاشقان مېنۇتلىرىدىكى ئىنتايىن گۈزەل ۋە نازۇك تەسۋىرلەر، فەرھادنىڭ بىستۇن تېغىنى چېپىپ شىرىن مەملىكىتىگە سۇ باشلاپ كەلگەنلىكىدىكى ھاياجانلىق بايانلار ھەمدە فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، بۇ پاجىئەگە سەۋەب بولغۇچى ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە شەخسلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ خاتىمىسى 222 بېيىت (444 مىسرا)دىن تۈزۈلگەن. بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلار 2 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، داستانىنىڭ ئاساسى قىسمىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ تۈگەللىمىسى ياكى نەتىجىسى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھەل قىلىنغان تەقدىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزىلەر، ئىلمىي يەكۈنلەر ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئەينى دەۋردىكى شاھلار، شاھزادىلەر ۋە ھوقۇقدارلارغا قىلىنغان نەسىھەتلەر، شۇنداقلا داستانىنىڭ ۋەقەلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزىتىش جەريانى ۋە يېزىلغان ۋاقتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچ-

گە ئالىدۇ.

3. «لەيلى ۋە مەجنۇن»

«خەمسە»نىڭ 3 ـ چوڭ داستانى «لەيلى ۋە مەجنۇن»دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەللەر مەنىۋى ھاياتىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئەرەب، فارس ۋە تۈركىي مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىر ۋە كاتىپلار تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» رىۋايىتى ئاساسىدا داستانلاشتۇرۇلغان، بىر پۈتۈن، مۇكەممەل بولغان ئېپىك ۋەقەلىك ئاساس قىلىنىپ، لىرىك ھېسسىيات قوشۇمچە سىڭدۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان مۇھەببەت داستانىدۇر. «لەيلى ۋە مەجنۇن» رىۋايىتىنى تۇنجى قېتىم تۈركىي تىل بىلەن (چاغاتاي تىلى بىلەن) داستانلاشتۇرغان ئەدىب نەۋائى بولۇپ شائىر «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم شۇھرەتى چۇن جەھانغا تولغاي،
تۈركى ئىلى داغى بەھرە ئالغاي.

دەپ يازغان.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى 38 باب، 3633 بېيىت (7266 مىسرا)دىن تەركىپ تاپقان، مۇقەددىمە، ئاساسى قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن بىرىككەن (نەشر نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا 346 سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ سۆزلۈكلەر لۇغىتى قوشۇمچە قىلىنغان) ئېپىك، مۇھەببەت داستانى.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى 613 بېيىت (1226 مىسرا)تىن تەركىپ تاپقان. بۇ قىسمىدىكى مەزمۇنلار 9 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، نەئىت، ھەمدۇسانا، «خەمسە» پېشىۋالىرىدىن نىزامى گەنجەۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىقلارغا بولغان مەدھىيە ۋە مەزكۇر داستاننى يېزىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ 2 ـ بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق قىسمى 2774 بېيىت (5548 مىسرا)دىن تۈزۈلگەن، بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار 26 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، مەجنۇن (قەيس) بىلەن لەيلىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ۋاپاتىغىچە بولغان جەرياندا يۈز بەرگەن مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى ۋە مەزكۇر تراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان شەخسلەر، ۋەقە ـ ھادىسىلەر توغرىسىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ 3 ـ بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى خاتىمە قىسـ

مى 3 باب، 246 بېيىت (492 مىسرا)تىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ قىسىمدا ئىشقنىڭ تەرىپى، ئىشققا بېرىلگەن تەبىر — «ئىشق» سۆزىدىكى ھەربىر ھەرىپ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىشارەتلىك مەزمۇنلار، ئىشققا مۇپتىلا بولغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى، ئاقىۋىتى ۋە ھەققە قىلىنغان ئىلتىجا، نەۋائىينىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»داستانىنى يېزىشتىكى مەقسەت - مۇددىئالىرى ۋە ئىشق ئەھلىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

## 4. «سەبئەئى سەييار»

«خەمسە»نىڭ 4 - چوڭ داستانى «سەبئەئى سەييار» تارىختىن بۇيان ئەرەب، فارس ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا مەزمۇنى بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ كېلىۋاتقان ئەفسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەرنى تاللاش، تاۋلاش پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى بىلەن بېزەش ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ مەزمۇندار، تېخىمۇ قىزىقارلىق ۋە كۈچلۈك جەلبكارلىققا ئىگە قىلىنغان، بەھرام ۋە دىلئارام ھېكايىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلاندۇرۇلغان ناھايىتى كۈچلۈك دىداكتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان يەتتە چوڭ ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېپىك داستاندۇر.

نەۋائىي مىلادىيە 1484 - يىلى (ھىجرىيە 889 - يىلى) تۆت ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 5000 بېيىتلىق «سەبئەئى سەييار» داستانىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن، بىراق قولىمىزدىكى ھازىرقى زامان نەشر نۇسخىسىدىكى بېيىت سانى 5000 بېيىتتىن 14 بېيىت كەم.

«سەبئەئى سەييار»داستانى 31 باب، 4986 بېيىت (9972 مىسرا)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باشقا داستانلارغا ئوخشاشلا مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم، خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان (نەشر نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا 433 مۇرەككەپ سۆزلۈكلەر لۇغىتى قوشۇمچە بېرىلگەن) ئېپىك داستان.

«سەبئەئى سەييار» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى 849 بېيىت (1698. مىسرا)دىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمىدىكى مەزمۇنلار 11 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبى، يېزىلىش جەريانى، يېزىلىشىدىكى مەقسەت ۋە مۇددىئا، ھەمدۇسەنا، نەئىت، مەدھىيە، مىئراج كېچىسىنىڭ تەرىپى، سۆز يەنى نۇتۇقنىڭ تەرىپى، خاسىيىتى ۋە زىبىنى، «خەمسە» ئۇستازلىرىدىن نىزامى، خۇسرەۋ، جامى قاتارلىقلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە ۋە داستاننىڭ ئاساسلىق قىسمى «بەھرام ۋە دىلئارام» ھېكايىسىگە ياندىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان يەتتە سەيياھنىڭ ھېكايىسىنىڭ تاللىنىش، تاۋلىنىپ ئىسلاھ قىلىنىش سەۋەبى ھەمدە ھۈسەين بايقارانى ئادالەتلىك شاھ بولۇشقا ئۈندەپ بايان قىلىنغان چاقىرىق، نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«سەبئەئى سەييار» داستانىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى 2 - بۆلىكى 3780 بېيىت (7560 مىسرا)تىن تۈزۈلگەن. بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلار 17 بابقا

بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، قۇدرەتلىك شاھ بەھرام بىلەن گۈزەل قىز دىلئارامنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتى ۋە بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ۋەقە، ھادىسىلەر، شاھ بەھرامنىڭ بىر ھەپتىگە مەنسۇپ بولغان يەتتە كېچىدە يەتتە قەسىردە يەتتە خىل رەڭدە بېزەلگەن ھۇجرا ۋە يەتتە خىل رەڭدە كىيىنگەن ھەمراھلىرى بىلەن يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن يەتتە سەيياھنىڭ سۆزلەپ بەرگەن يەتتە چوڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانلىقى ۋە بۇ ھېكايىلاردىن ئالغان تەسىراتلىرى، ئۇلار ئۈستىدىكى ئوي - پىكىرلىرى، چىقارغان ئەقلىي خۇلاسىلىرى ھەمدە بەھرام بىلەن دىلئارامنىڭ تەقدىرى يەكۈنلەنگەن ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«سەبئەئى سەييار»داستانىنىڭ خاتىمىسى 357 بېيىت (714 مىسرا)تىن تەركىپ تاپقان. بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلار ئۈچ بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، داستاندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەر ۋە پېرسوناژلار تەقدىرى ھەل قىلىنغان خۇلاسىلەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان ئەقلىي يەكۈنلەر، پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن تەقدىرى توغرىسىدىكى باغلىنىشلاردىن يەكۈنلەنگەن ھېكمەتلەر، ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىنكى تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن بايان قىلغان ئۆزرەلىرى ۋە ئەينى زاماندىكى شاھلاردىن، ھۆكۈمرانلاردىن، پۇقرالاردىن، شۇنداقلا داستان يېزىلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئەسەرنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقان ھەربىر ئوقۇرمەندىن كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5. «سەددى ئىسكەندەر»

«خەمسە»نىڭ 5 - داستانى «سەددى ئىسكەندەر» 1484 - يىلى يېزىلغان، «خەمسە» ئىچىدىكى ھەجىمى ئەڭ زور بولغان پەلسەپىۋى، تارىخىي ھەم ئېپىك، دىداكتىك داستان. «سەددى ئىسكەندەر»دە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقە ھادىسىلەر ناھايىتى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ ۋە ئاممىبابلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ داستان ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. داستاندا باش تېما مۇكەممەل ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرتىپلىك بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، داستان ۋەقەلىكىنىڭ خۇلاسىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېكايەتلەر، ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ سوئال - جاۋابىدىن چىقىرىلغان ئەقلىي يەكۈنلەر، پەند - نەسىھەتلەر ۋە ھېكمەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ۋە تەسىرلىك قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«سەددى ئىسكەندەر» داستانى 83 باب، 8164 بېيىت (16328 مىسرا)تىن تەركىپ تاپقان. مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت 3 چوڭ بۆلەكتىن بىرىككەن. (نەشر نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا 1088 سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن لۇغەت قوشۇمچە قىلىنغان).

«سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى 998 بېيىت (1996

مىسرا)دىن تەركىب تاپقان. داستاننىڭ بۇ قىسمىدىكى مەزمۇنلار 11 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەمدۇسانا، مۇناجات، نەئىت، مەدھىيە، نەسىھەت، خەمسە ئۇستازلىرى بىلەن خىيالىي سىردىشىش ۋە ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت، گوزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشكە قىلىنغان دەۋەتلەر، «خەمسە»نى يېزىشتىن بۇرۇنقى ئاپتورنىڭ ئوي - خىياللىرى ۋە پېشداد سۇلالىسىدا ئۆتكەن 11 پادىشاھنىڭ، كەيانى سۇلالىسىدا ئۆتكەن 9 سۇلتاننىڭ، ئەشكانى سۇلالىسىدا ئۆتكەن 19 شاھنىڭ، ساسانىيلار سۇلالىسىدا ئۆتكەن 29 ھۆكۈمراننىڭ قىسقىچە تارىخى يەنى تەختتە ئولتۇرۇش تەرتىپى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

داستاننىڭ 2 - بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق قىسمى 6702 بېيىت (13404 مىسرا)تىن تەركىب تاپقان. بۇ قىسمىدىكى مەزمۇنلار 66 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، پادشاھ فەيلاقۇسنىڭ ئوۋ ئوۋلىغىلى چىققاندا بىر ۋەيرانە ئۆيدىن ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئانىنىڭ يېنىدا يىغلاپ ياتقان بالىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالغانلىقى ۋە بالىنىڭ نامىنى ئىسكەندەر دەپ ئاتاپ ئۆزىگە تەخت ۋارىسى قىلغانلىقىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئەلنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى، ھەربىر مەسىلىگە يولۇققاندا سورىغان سوئاللىرىغا ئۇستازى ئەرەستۇدىن ئېرىشكەن قىممەتلىك جاۋابلىرى ۋە بۇ خىل ئەقلىي خۇلاسىلەرگە دەلىل سۈپىتىدە بايان قىلىنغان ھېكمەتلەر، ھېكايەتلەر، دارا بىلەن ئىسكەندەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش جەريانلىرى، ئىسكەندەرنىڭ جاھانگىرلىك مۇددىئاسى بىلەن ئېلىپ بارغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرى ۋە ئىشغال قىلغان مەملىكەتتە يۈرگۈزگەن سىياسەت، قانۇنلىرى، ئۆزگە ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى، قىسقىسى ئىسكەندەرنىڭ يەر يۈزىدىكى قۇرۇقلۇقنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ دەريا ۋە دېڭىزغا قىلغان يۈرۈشلىرى غەلىبە ۋە نۇسرەت ئىچىدە تەنتەنە قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدىمۇ ئاۋام پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىپ ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكلىرى، يەجۇجلار زۇلمىدىن ھالاك بولۇۋاتقان ھىرۋان خەلقىنىڭ بەختەرلىكى، تىنچلىقى ۋە ئاسايىشلىقى ئۈچۈن زور كۈچ توپلاپ، بارلىق ھۈنەر ئەھلىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ غايەت زور يېمىرىلمەس سېپىل بەرپا قىلغانلىقى ۋە بۇ سېپىلنىڭ ئۇنىڭ نامى بىلەن «ئىسكەندەر سېپىلى» (سەددى ئىسكەندەر) ئاتالغانلىقى، ئاخىرىدا ئىسكەندەرىيەگە قايتىپ بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنىڭ ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمۈر خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

داستاننىڭ 3 - بۆلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى خاتىمە قىسمى 6 بابقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بولۇپ، 464 بېيىت (928 مىسرا)تىن تەركىب تاپقان. بۇ قىسمىدا نەۋائىنىڭ مەزكۇر داستاننى يېزىشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسى، ئەينى دەۋردىكى ھۆسەيىن بايقارا، بەدىئۇززامان قاتارلىق شاھ ۋە شاھزادىلەردىن كۈتىدىغان ئارزۇ -

ئۇمىدلىرى، «خەمسە»نى يېزىش جەريانى ۋە بۇرۇنقى «خەمسە»يازغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى،
«خەمسە»نى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە باشقىلارنىڭ
بەرگەن باھالىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

بىز «خەمسە»نى ئوقۇشقا كىرىشىپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىد-
رى مەۋلانا نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ
تاماملىغان 269 باب، 26514 بېيىت (53028 مىسرا)تىن تەركىب تاپقان 4011 بەت-
لىك 5 توملۇق (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر نۇسخىسى) بۇ ئەسەرنى بۇ-
نىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇن يېزىلغىنىغا قارىماي پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئەخلاق -
پەزىلەتلىك بولۇش، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقچىل بولۇش، تىرىشچان - ئىجتىھاتچان بو-
لۇش، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىجادچان ۋە يېڭىلىق يارىتالاي-
دىغان بولۇش تەكىتلىنىۋاتقان؛ يۇقىرىلارنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەنىۋى
مەدەنىيلىك بەرپا قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش
كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىنىۋاتقان؛ خىيانەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ
ھالال ۋە ئىنساپ بىلەن ياشاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش
تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تەتقىق قىلىنىش ۋە كەڭ ئامما بىلەن يۈز
كۆرۈشتۈرۈشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكىنى شۇنچە ھېس قىلماقتىمىز. بۇ خۇسۇستا
نەۋائى مۇنداق يازغان:

بۇ دۇرلاركىم كۆزۈمنى ئاندىن ئاچتىڭ،
مېنىڭ ئىلكىم بىلە ئالەمغە ساچتىڭ.
بۇ دۇرلاركى مەن ساچتىم ئافاق ئارا،
نوجۇم ئورنىغە چەرخى نۇھ تاق ئارا.

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن «خەمسە»دىن ئىبارەت بۇ بەش پارچە گۆھەرنىڭ ھەجمى-
نىڭ ناھايىتى زور، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە كەڭ، تارىخىي، پەل-
سەپىۋى، ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ تەڭداشسىز، ئىستىتىك زوق ۋە گۈ-
زەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىش، بىلىم بېرىش ۋە تەلىم - تەربىيە بېرىش خۇسۇسىيە-
تىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى توغرۇلۇق يۈزەكىي تونۇشقا ئىگە بولۇش بىلەن
بىرگە، بۇ مەدەنىي يادىكارلىقنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قى-
يىنلىق دەرىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتتۇق. نەۋائى ئۆز قەلىمى بىلەن:

يوق ئېرسە ئېرۇر ئەسرۇ سەۋدايى خام،
ئىككى يىلدا بىر «خەمسە» قىلماق تەمام.

دەپ يازغان.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



# ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئادەتلىرىدىن «خامان» مەدەنىيىتىگە بىر نەزەر

ياسىنجان كەنجى

ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق (تېرىم) مەدەنىيىتىگە قايسى چاغلاردىن تارتىپ قەدەم قويغانلىقىغا ئائىت يازما مەلۇماتلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى خەلقلەرنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-3 مىڭ يىللار بۇرۇن دېھقانچىلىق (تېرىم) مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دېھقانچىلىق ئادەتلىرى ئۇلارنى شەھەرلىشىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ سۇغىرىش تېپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر ئەتراپلىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن شەھەر مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇلاردا ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلاردىن پايدىلىنىپ يەر ھەيدەپ دېھقانچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىك شەكىللەندى. «(تېرىختىن مەڭگۇ تېشى)دا سەككىز (دەريا ئېقىنى) ئارىسىدا مېنىڭ چارۋا ـ ماللىرىم بار. سېلىنگا، ئورقۇن، توغلا قاتارلىق سەككىز (دەريا ئېقىنى) مېنى شادلاندۇردى (4 ـ قۇر) دېيىلگەن، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.» ①«ئۇيغۇرلاردا قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن خېلىلا بۇرۇن دېھقانچىلىق ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خامان ۋاقىتلىرىدا ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئۆزئارا لاپقۇتلىشىش»② ئەڭ مۇكەممەللەشكەن خامان مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. ئۇلار جاپالىق ئەمگەك مۇھىتىدا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەمگەك قارىشى، ئىدىئولوگىيىسى، ئېش-

لەپچىقىرىش ئادىتى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ئەمگەكچان روھىنى مەڭگۈ تۈگىمەس بۇلاق سۈيىدەك ئۇما ناخشىلىرىغا ۋە خامان ناخشىلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇما ئورۇپ خامان تېپىش دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان يىراق قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئادەتلىرىگە قارايدىغان بولساق: ئۇلار دېھقانچىلىق پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن 12 موچەل بويىچە ۋە ياكى ھاۋارايى ئۆزگىرىشىگە قاراپ كېلەر يىلى قۇرغاقچىلىق ياكى ھۆلچىلىك بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، قايسى خىل زىرائەتلەرنى تېرىشنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئويلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئېتىزلىرىغا ئىشلەپ قىر ياساپ، ئوسا قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق باشلايدۇ. ئەگەردە قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولسا پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇلۇغ مازار، قەدىمكى جاي ياكى يۇرتىغا سۇ كېلىدىغان ئېرىق بېشىغا چىقىپ كونا ئادەت بويىچە قوي ئۆلتۈرۈپ، قان ئېقىتىپ، ياغ پۇرىتىدۇ، سۇ تىلەپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇيدۇ. بۇنداق قىلغاندا ھۆل - يېغىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ «زاراخەتمە» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن جامائەت بىر يەرگە جەم بولۇپ دېھقانچىلىق رىسالىلىرىنى ئوقۇپ دېھقانچىلىق قائىدىلىرى، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا رىئايە قىلىدىغان ئىشلار، بەدەننى پاك تۇتۇش، ئەۋلىيالارنى سېغىنىش، ئېتىقادىنى پاك قىلىش، ئاللاھنى ياد ئېتىش، ئورۇقنى ئوڭ قول بىلەن سېلىش، خاپىلىق ۋە ئاچچىقلىنىشتىن ھەزەر ئەيلەش، كەڭ قورساق بولۇش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاسراش، ئۆشرە - زاكات ئايرىش، يالغۇز بۇغدايلا تېرىماي ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىش توغرىسىدا ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش، يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇن، ئاجىزلارنىڭ تېرىقچىلىقىنى ئورتاق قىلىشىپ بېرىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىشىدۇ ۋە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلار ئېتىزلىرىغا سۇ قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئوسا ۋاقتى كەلگەندە ئېتىزلارنى ئوغۇتلاپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار يەرنى ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى قېتىپ ساپان ياكى بوقۇسا بىلەن ئاغدۇرىدۇ. يوغان چالمىلارنى چوقۇپ يەرگە ئورۇق سالىدۇ، سۆرەم سېلىپ ئېتىز يۈزىنى تۈزەپ قويىدۇ. ئۇچار قۇشلارنىڭ ئورۇقلارنى يەۋالماسلىقى ئۈچۈن ئېتىز بېشىغا قارانچۇق ياساپ قويىدۇ. بۇغداي مايسىسى ئۈنگەندىن كېيىن چالا ئۈنگەن جايلارغا تولۇقلاپ ئورۇق سالىدۇ. مايسا پۈتۈنلەي ئۈنۈپ بولغاندىن كېيىن بۇغداي مايسىلىرىنىڭ قىشتىن توڭماي، ئورۇق بىخلىرىنىڭ ساغلام چىقىشى ئۈچۈن كەچكۈزنىڭ سۈيىنى ئېتىزغا باشلاپ كانجا قىلىدۇ. (ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي

ئەھۋالىغا قاراپ يازغى بۇغداي ياكى كۈزگى بۇغداي تېرىيدۇ. يازغى بۇغداي ئەتىياز كەلگەندە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تېرىلىدۇ) باھار كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار «ھوت - كەتمەن سېپىنى تۇت» دەپ ئالدىراش دېھقانچىلىققا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەتتە كۈزگى بۇغداي 4 قېتىم سۇ قويۇلغاندىن كېيىن پىشىدۇ. بۇغداي پىشىشى بىلەن ھەممە دېھقان ئورغاقلىرىنى تەييار قىلىپ ئوما ئورىدۇ. ئورما ئورۇش ۋە خامان ئېلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى بىر جەڭگاھ بولغانلىقتىن «ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالىدىغان چاغ»، «خامان ئالماق - شەھەر ئالماق» دەپ قاراپ بۇ چاغدىكى جاپا - مۇشەققەت، ئەمگەك ئېغىرلىقى ۋە ئالدىراش پەيتلەرنى بۇ پاساھەتلىك ماقال بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇغداي ئەنجىللىرىنى پاكىز تازىلانغان مۇۋاپىق ئېتىزغا يىغىپ دۆۋىلەيدۇ، بۇ خامان ياكى خامان ئېتىز دەپ ئاتىلىدۇ. خامانغا يىغىلغان بۇغداي ئەنجىللىرى ئارال چىقىرىش شەكلى بىلەن راسا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن خامان ئوتتۇرىسىغا موما ياغاچ بېكىتىدۇ. بۇ موما دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى خامان تېپىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئۆز ئۆيلىرىدىكى ئېشەك، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، خامان تېپىشكە ياردەملىشىدۇ.

خامان تېپىشتا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس خامان تېپىش ئادىتى بار. بەزى جايلاردا ئات، ئېشەك، خېچىرغا تولۇق تاش سۆرىتىش ئارقىلىق خامان تەپسە، بەزى يۇرتلاردا مەسىلەن: قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرىدا خامان تېپىشكە خولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل جانۋارلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ موما ياغاچقا باغلاپ، تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇپ خامان تېپىدۇ. ئۇلار خامان تەپكەندە «موما» تۈۋىگە كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى چېتىپ «ياقا» تەرەپكە چاپقۇر ئېشەك چېتىپ مومىنى مەركەز قىلىپ ئۇلاغلارنى ھەيدەپ خامان تېپىدۇ. خامانغا قېتىلغان ئۇلاغ كۆپ بولغانسېرى ياقا تەرەپكە تېز ھەيدىلىدۇ، بولمىسا موما تەرەپ تورۇپ قېلىشتەك مۇرەككەپ ئەمگەك ئاۋارىچىلىقلىرى كېلىپ چىقىدۇ. خامان تېپىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغانلار ئىچىدە يېشى چوڭراق بالىلار ئۇلاغلارنى توختىماي ھەيدەپ بەرسە، ئوتتۇرا ياش، ياشلار بوغداي ئەنجىللىرىنى ئۇلاغ ئاستىغا تاشلاپ پايخان بولغان بۇغداي ئەنچىللىرىنى ئۆرۈپ خاماننىڭ تېزراق يۇمشىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان قېرى - ياشانغانلار خامان ئەتراپىدىكى مەلۇم جايغا ياسالغان ساتىمدا ئولتۇرۇپ ياشلارغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ.

تەكلىپ قىلىنغان ئادەم كۆپ بولسا ئادەملەر ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدۇ. ئەگەر خامان پەۋقۇلئاددە چوڭ بولسا ئۇلاغلار ئىككى «قوش» قىلىنىپ ھەيدىلىدۇ. ھەرقانچە چوڭ خامان بولسىمۇ بىر كۈندە يۇمشاپ بولىدۇ. ئاياللار خامان ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ، ھاردۇق ئېشى تەييارلاپ، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ، خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. بۇ خىل ئەمگەك شارائىتى ئىنتايىن خۇشال - خۇرام، ناھايىتى جانلىق بولۇپ ھەرقانداق ئادەمگە ئەمگەك خۇشاللىقى بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ خامانغا تەكلىپ قىلىنغان خەلق ناخشىچىلىرى (لاي - لايچىلار) ئەمگەككە جان - ھوزۇر بېغىشلايدىغان خامان ناخشىسىنى ئېيتىپ خاماننى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار خاماندىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئەمگەك مەيدانىنى سەنئەت بىلەن ئەمگەك بىرلەشكەن بىر كۆڭۈللۈك سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ خۇشال كەيپىيات شەكىللەندۈرىدۇ. خامان يۇمشاپ بولغاندىن كېيىن بۇغداي پايخانلىرىنى بۆلە قىلىپ خاماننى پاكىز سۈپۈرۈپ سەلكىن شامالنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ ھاردۇق ئالىدۇ ياكى لاپقۇت ياندۇرۇپ باشقىلارغا ياردەملىشىدۇ.

ئەزەلدىن ناخشا - سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ئەمگەكنىڭ ئېغىر، جىددىي پەيتلىرىدىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئەمگەك قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ كەلگەن. بولۇپمۇ خامانغا تەكلىپ قىلىنغان لاي - لايچىلار موما تۇۋىدە تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن قۇلاقنى تۇتۇپ، تاق ۋە قوش كىشىلىك بولۇپ خامان ناخشىسىنى ئېيتقاندا بۇنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىن ئەتراپتىكى ھەرقانداق كىشى ئۆزلىكىدىن ئارا - سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. خامان ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك يېقىن ئەتراپتىكى ئاياللارمۇ مەخسۇس داستىخان تەييارلاپ، قوغۇن - تاۋۇز، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ خامان ئىگىسىدىن ھاردۇق سوراپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدۇ. لاي - لايچىلار مەخسۇس خامان ناخشىسىنى ئېيتىپ، خامانغا جان كىرگۈزگىدەك دەرىجىدە خاماننى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ يۇرت ئىچىدە ئابرۇيى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۇلار خامان ناخشىسى ئېيتىلمىغان خامان «گاچا خامان، بەرىكەت بولمايدۇ»، «لاي - لاي جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاپ، ئەرۋاھلارنى خامانغا چاقىرغانلىق» دەپ قارايدۇ. خامان قېتىلىپ بولغاندىن كېيىن لاي - لايچىلارغا رەخت، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇغداي پايخانلىرىنى سەلكىن شامالدا سورۇپ بۇغداي، سامىنىنى ئايرىغاندىن كېيىن بۇغداي دانلىرىنى پاكىز تازىلاپ، چەشلەپ قويىدۇ. ھەمدە خامانغا

خىزىرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ خامانلىرىدا تۈنەيدۇ. ئۇلار «بۇغداي چەشلىرى خاماندا قانچە كۆپ تۇرسا خىزىر كېلىپ بەرىكەت بېرىدۇ» دەپ قارايدۇ. ھەمدە خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرىنى خامان ئۇسسۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. «خامان ئۇسسىدىغان كىشى چوڭقۇم خامان ئۇسسۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا بەرىكەت قېچىپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. خامان ئۇسسۇشتا ئالدى بىلەن بىر غەلۋىر ئاشلىقنى چەش ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ تۆكىدۇ. يەنە بىر غەلۋىر «چەش بۇرنى»نى «ئىمام ھەققى» ئۈچۈن ئايرىپ قويىدۇ. ئاندىن ھەر ئون غەلۋىر بۇغدايدىن بىر غەلۋىر ئۆشرە ئايرىپ يېتىم - يېسىرلارغا، خامان ئۇستىگە كەلگەن مېھمانلارغا «كەپسەن» قىلىپ ئايرىپ قويىدۇ، ئاندىن بۇغداينى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

خامان ناخشىسى چوڭقۇر مەزمۇن، كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئەمگەك قوشاقلىرى نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل ناخشىلار، ئەمگەك رېتىمىغا ئەگىشىپ ئېيتىلىدىغان بولۇپ، ئەمگەك ھەرىكىتى بىلەن ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ كۈي - ئاھاڭلىرى ھەرىكەتنى تەڭشەش، ئەمگەككە قوماندانلىق قىلىش، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش رولىغا ئىگە بولۇپ، مەيلى قايسى ئورۇندا خامان قېتىلسۇن شۇ يەردە ئاڭلىنىپ دەۋردىن - دەۋرگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، يېقىنقى يىللارغىچە خامانلاردا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا «خامان ناخشىلىرى» ئەينى چاغدىكى ئەمگەك جەريانلىرىنى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە ھاياتقا بولغان كۆزقاراشلىرىنى تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

خامان ناخشىسى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى يۇرت - مەھەللىلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ئاھاڭىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ۋە تارقالغان. خامان قوشاقلىرىدا ئاساسەن دېھقانلارنىڭ ھوسۇلنى تېزراق يىغىۋېلىش ئارزۇسى ۋە مول - ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدى، تىرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ دېھقانلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ۋە دېھقانلارنىڭ ھايۋانلارغا بولغان مۇھەببىتى قاتارلىق مەزمۇنلار كۆيلەنگەن. مەسىلەن، ئاتۇشتا كەڭ تارقالغان خامان ناخشىلىرىدىكى:

قادىر ئاللا، تەقدىر ئاللا، تاغنى ياراتتى، لاي ـ لاي،
تاغ ئىچىنى قاراڭغۇ دەپ، ئاينى ياراتتى، لاي ـ لاي.
ئاي ماڭسا مېڭىۋەرسە، يايرىم ماڭمىسا، لاي ـ لاي،
شۇل يايرىمدىن ئايرىلىپ مەن، كۆڭلۈم قالمىسا، لاي ـ لاي.
بۇغداي بولدى، دانلار تولدى، خامان تاغ بولدى، لاي ـ لاي،
تېز ھەيدەڭلار، تېز ئايرىڭلار، ئوبدان چاغ بولدى، لاي ـ لاي.
دەسسەڭلار، يەنجىڭلار (ۋاي) تالقان بولسۇن، لاي ـ لاي،
بۇغدايلىرى ماڭا بولسۇن، سامانلىرى ساڭا بولسۇن، لاي ـ لاي.
ئالا كالا، قارا كالا، موزايلاپتۇ بوينى ئالا، لاي ـ لاي،
بۇغداي ئالماي سامان ئېلىپ، پۇشايمان يېگەن كۆڭلى قارا[①] لاي ـ لاي.

دېگەن لاي ـ لاي ناخشىلىرىدا ئەمگەكچان، جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ ساددا دۇنيا قارىشى، چىن ھېسسىياتى، ئىشقى ـ مۇھەببىتى، مول ـ ھوسۇل ۋاقتىلىرىدىكى ئالدىراش ھالىتى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە ئىشلەپچىقىرىش ھايۋانلىرىنىڭ ئەجرى قەدىرلەنگەن چىن ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن.

ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى، سەلكىن ئايرىيدۇ، لاي ـ لاي،
ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ، لاي ـ لاي.
ئانام بولسا، ئاتام بولسا ئۆلۈم بولمىسا، لاي ـ لاي،
ئۆلگەنلەرگە جەننەت بولسا، دەۋزەخ بولمىسا، لاي ـ لاي.
ئانام باقتى، ئاتام باقتى ماڭا جان قاتتى، لاي ـ لاي،
قارا بەختىم ئاقارغىچە كۆزدىن قان ئاقتى، لاي ـ لاي.
ئاتلار ئۇرۇق، يوللار يىراق ماڭارمەن ياياق، لاي ـ لاي،
قامچام بولدى ئىرغايلىقتىن ئالغان بىر تاياق، لاي ـ لاي.

---

① «بۇغداي ئالماي سامان ئېلىپ، پۇشايمان يېگەن كۆڭلى قارا» دېگەن بۇ مىسرا بەلكىم «ئادەم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندە خۇدا ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىگە بىر كالىنى يارىتىپتۇ، ئادەم خاماندا بۇغداينى باشقا، سامانىنى باشقا ئايرىپ بولۇپ كالىغا (سېنىڭ كۈچۈڭ كۆپ كىردى، يەيدىغىنىڭنى ئاۋۋال سەن تاللىۋال، سەندىن قالغىنىنى مەن ئالاي) دەپتۇ. كالا سامانىنى تاللاپتۇ. بۇغداي ئادەمگە قاپتۇ. كالىنىڭ ھازىرقى ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىشى بۇغداينى ئالمىغان ھەسرىتىدىن چىقىدىغان تۇگىمەس پۇشايمان تىنىقى ئىكەن» دېگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئۈزلەشتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

دېگەن مىسرالاردا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، دەرقەمتىلىك خاتىرجەملىك، تىنچلىق، باياشادلىقىغا بولغان ئارزۇلىرى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە ئۆتمۈشتىكى جاپاكەش دېھقانلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە، زۇلۇم ـ زۇلمەتكە قارشى ئەگرى ـ توقاي ھايات يولى تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «لاي ـ لاي» قوشاقلىرىنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭى ھەممە رايونلاردا بىردەك ئەمەس، لېكىن خامان قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئەمگەك، مۇھەببەت، تۇرمۇش، ھايات يولى، ئۆلۈم قاراشلىرى ھەرقايسى يۇرتلاردا (رايونلاردا) ئۆزگىچە كۈي، ئاھاڭ بىلەن تەرەققىي قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەمگەك جەريانىدىكى ئورتاق بايلىقى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ خامان تېپىپ ناخشا ئېيتقانلىقىغا ئائىت تارىخىي مەلۇماتلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. پەقەت ئېلىمىز تارىخ ماتېرىياللىرى «ۋېينامە»، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە «ئۇلار ئاۋازىنى سوزۇپ لەرزان ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ» ③دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئىچىدە دالا ـ ئورمان، ئېتىز ـ خامان ۋە سەپەر ناخشىلىرى ئادەتتە سوزۇلۇپ ئېيتىلىدۇ»④ بۇ يەردە ئېيتىلغان ناخشا چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە تەۋە دالا ناخشىسىمۇ ۋە ياكى خامانلاردا ئېيتىلىدىغان خامان ناخشىسىمۇ بۇنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ خامان ناخشىسىنى لەرزان، ئىختىيارى، سوزۇپ ئېيتىدىغانلىقى ھەقىقەت. بىز يەنە بۇ خىل ئەھۋالدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولغان قاڭقىللارنىڭ ناخشىنى لەرزان، مۇڭلۇق ئېيتىشنى تاساددىپىي ھادىسە دېگەندىمۇ يەنە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن لەرزان، مۇڭلۇق سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خامان ناخشىسىنى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە، كەڭ يايلاقلاردا ئېيتىپ كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرغىلى بولمىغاندەك ۋە باشقا ناخشىلارنىمۇ خامانلاردا ئېيتىپ ئەمگەككە جان ئاتا قىلغىلى بولمايدۇ. دېمەك خامان ناخشىسى باشقا ناخشىلاردىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەيلى ئولتۇرۇش ـ باراۋەتلەردە بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش سورۇنلىرىدا بولسۇن، سەنئەتتىن ئايرىلمىدى. ئۇلار تېرىم مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان 3–4 مىڭ يىلدىن تارتىپ يېقىنقى 90 ـ يىللارغىچە كالا، ئات، ئېشەك بىلەن دېھقانچىلىق قىلدى. كالا قېتىپ بۇقۇزا بىلەن يەر ئاغدۇردى، ئېشەك، كالىلارنى قېتىپ خامان تەپتى. بۇ جەرياندا ئادەمگە ھۇزۇر ۋە كۈچ بېغىشلايدىغان ئوما ۋە خامان ناخشىلىرى مەڭ-

گۇ قۇرىمايدىغان بۇلاق سۈيىدەك ئۇلارنىڭ قۇرىغان مەنىۋىيىتىنى پات ـ پات نەمدەپ، ياشارتىپ تۇردى. بۇ ناخشىلار ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان، تىرىشچان، قورقماس روھىنى مەڭگۈلۈك مېلودىيە سۈپىتىدە بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى خامان مەدەنىيىتى دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى، بەزى ئادەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىلاندى ۋە ئۆز رولىنى يوقاتتى. تىراكتور، كومبايىنلارنىڭ تەرەققىياتى بۇرۇنقى ئەنئەنە ئورنىنى باستى. بۇ بىر خۇشاللىنارلىق يېڭىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى خامان مەدەنىيىتىنى ئاسراپ قېلىش، قوغداش ۋە ئۇنىڭ رولىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۆرپ ـ ئادىتى، پسىخىكىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن كەلگۈسى ياش ئەۋلادلارنى بىر تال ئاشلىقنىمۇ قەدىرلەپ ئەمگەكنى سۆيىدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگەك سەرمايىسىنىڭ ئەڭگۈشتەرى بولغان دېھقانچىلىق ئادەتلىرى ۋە خامان مەدەنىيىتىگە ئائىت بىلىملەرنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنى مول فولكلور بايلىقى بىلەن تەمىنلەشنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① لىن گەن، گاۋزىخۇ:«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 87 ـ بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ ياڭ شېڭمىن:«قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 292 ـ بەت

④ ئىمىن تۇرسۇن:«قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 243 ـ بەت.


(ئاپتور: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كۆرگەزمىخانىدا)

# «بۇلاق»نىڭ چوقىسى خانتەڭرىگە يەتكەي !

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەينىكى بولغان «بۇلاق» ژۇرنىلى چارەك ئەسىر مابەينىدە مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك مەدەنىيىتىگە ئۈن - تىنسىز خىزمەت قىلماقتا، زور تۆھپە قوشماقتا.

بۇ ژۇرنال ئوتتۇرا ئاسىيادا كلاسسىك ئەدەبىياتقا بېغىشلانغان يېگانە مەجمۇئە. ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر ۋە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ 300 دىن ئارتۇق نادىر قولyazمىسى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ مىسلىسىز مەدەنىي ۋە يازما يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسىدۇر. «بۇلاق»نىڭ بەرپا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ش ئۇ ئا ر نىڭ رەئىسلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمائىل تىلىۋالدىلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلەشى ۋە بىۋاستە ياردىمى زور ئامىل بولدى. ئەنە شۇ باي مەزمۇنغا ئىگە ۋە چىرايلىق ژۇرنالنى چىقىرىۋاتقان پەردە ئەمىن باشلىق (كوررېكتور غېنى سەمەت، ماشىنىست مەريەمگۈل ئابلەت) چاققان كوللېكتىپنى 100 سان بىلەن چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ جاپالىق، لېكىن شەرەپلىك ئىشتا زور ئۇتۇقلارغا يېتىشىگە سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. «بۇلاق»نىڭ داۋانى يۈكسەك بولۇپ، چوقىسى خانتەڭرىگە يەتكەي !

ساۋۇت موللائاۋۇتوف

(قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلىم ۋە پەن مىنىستىرلىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى)

*　　　　　*

ئەسسالام ! ھۆرمەتلىك مۇھەررىر:

«ئىپار شۇنداق نەرسىكى، ئىپار ساتقۇچى ‹ئىپار پۇرايدۇ› دېمىسىمۇ ئىپار ئۆزى پۇرايدۇ. دانا ـــ ئالىم ئەتىر ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئاۋازسىزلا ئۆز پەزىلىتىنى

کۆرسىتىدۇ. نادان — بىلىمسىز سېرىكچىنىڭ دۇمبىقىغا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولسىمۇ ئىچى كاۋاك.»

— شەيخ سەئدى

مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك مىراسلارنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، تارىخ - مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە جەۋھەر قىلغان قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان «بۇلاق» ژۇرنىلى ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن جۇڭگودىكى داڭلىق ژۇرناللار قاتارىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىرىلغان ژۇرناللارغا ۋەكىللىك قىلىپ، دۇنيادىكى مەشھۇر تەتقىقات ئورۇنلىرىدا، جۈملىدىن شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئىلىم مۇخلىسلىرىنىڭ قەلبىدە ئابىدە تىكلەپ تۇرماقتا. مەن بولسام بۇ ژۇرناللارنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمىنى، ھەر قېتىملىق يېڭى سانلىرىدىكى يېڭى مەزمۇنلار ئانا تىلدا، چاڭقىغان يۈرىكىمىزنى قاندۇرىدۇ، ژۇرنالدىكى قىممەتلىك مىراسلار، يېڭى ئۇچۇرلار مېنى مىللىتىم قوينىغا سۆرەپ كىرىدۇ، ھەر قېتىملىق يېڭى سانلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ ھاياجاندىن سەكرەپ كېتىمەن، ھەمدە يەنە يېڭى بىر سانىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن. بۇ ژۇرنال جۇڭگودىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن ھېسابلانمىسىمۇ، «بۇلاق» دېگەن ئىسمىغا لايىق ھالدا، دۇنيادىكى يېتۈك تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناسلار، شەرقشۇناسلارغا بىرىنچى قول كلاسسىك قولىيازمىلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، مۇشۇ ساھەلەردىكى ئىنتايىن قىممەتلىك تەتقىقات مېۋىلىرىنى جامائەتچىلىككە سۇنغانلىقى بىلەن داڭلىق ژۇرناللار ئىگىلىيەلمىگەن ئورۇننى، بوشلۇقنى ئىگىلەپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشى «بۇلاق»قا جۇغلاشقان مۇھەررىر ۋە كوررېكتورلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سىلەرگە بولغان ھۆرمىتىمنى، رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئاخىرىدا، سىلەردىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇ ژۇرنال شىنجاڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ خەلقئارادىكى ۋەكىللىك ژۇرناللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا بىرىنچى ۋە تۆتىنچى مۇقاۋىنى لايىھىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلسە، مۇمكىن بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تېخىمۇ بېيىتىلسا، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

*

تېنىڭلارغا سالامەتلىك، خىزمىتىڭلارغا ئۇتۇق، تۇرمۇشۇڭلارغا بەخت تىلەپ:

ئوسمانجان ياقۇپ

(شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)








بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 110-سان

源泉（布拉克）（维吾尔文）总110期

BULAK A bimounthly Journal in Uighur Language

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108-58. باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118